

# مىسسىئونېرلارنى ئالاقىزادە قىلىۋەتكەن سۇئاللار

تۈزگۈچى :ھېيتاخۇن مەمتىمىن

AVRUPA UYGUR YAYINEVI

ياۋروپا ئۇيغۇر نەشرىياتى
2017

خىرىستىيانلار خۇدا دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئىلاھلاشتۇرۇش ئارقىلىق
ئازغان، ئەمىلىيەتتە بولسا ئاللاھنىڭ قۇلى ئىسا پەيغەمبەرنى
ئۆزىنىڭ دەرىجىسىدە، قۇرئان كەرىم كۆزىنىكىدىن تونۇماقچى بولسىڭىز
قۇرئان كەرىمدە ئىسا مەسىھ ناملىق ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىڭ.



خىرىستىيان مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئافرىقىغا ئېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنى چۈشۈنۈۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى جۈملىنى ئوقۇپ ئۆتەيلى!

**مىسسىيونېرلار ئافرىقىغا تۇنجى ئاياق باسقاندا بىزنىڭ يەر- زېمىنلىرىمىز، ئۇلارنىڭ بولسا پەقەت ئىنجىللىرى بار ئىدى،دۇئا قىلايلى دېيىشتى.كۆزىمىزنى يۇمدۇق،ئاچقان چېغىمىزدا بىزنىڭپەقەتلا ئىنجىلىمىز، ئۇلارنىڭ بولسا يەر زېمىنلىرى بار ئىدى.**

**(كېنيا دۆلەت زۇڭتۇڭى ژومو كېنياتا)**

## مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شۇمبۇيىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىققۇچىلارنىڭ سەمىگە:

**1892**. يىلى شىۋىتسىيە مىسسىئونېرلىق ئەھت چىركاۋى ئۇيغۇر دىيارىمىزنىڭ قەشقەردە يىڭى بىر مىسسىيئونېرلىق مەكتىۋى ئېچىشنى قارار قىلغان ئىدى.

**1892**. يىلى **1**.يانۋاردا رەسمى ئىشقا كىرىشكەن مەكتەپ تاكى **1938**.يىلىغا قەدەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئەجدادىمىزنى ئىماندىن ياندۇرالمىغان ۋە خىرىستىيانلاشتۇرالمىغان. شۇڭا بۇنداق بىمەنە يولغا ئىنتىلگۈچىلەر بولسا تارىخنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ بېقىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.(ھېيتاخۇن مەمتىمىن)

## ساڭا ياخشىلىق قولىنى سۇنۇۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ساڭا كۆيۈنگەن بولۇشى ناتايىن.

ئۇيغۇر ماقال -تەمسىللىرىدىن

**نۇرغۇن شۋېت مىسسىيونېر ئەينى چاغدا شەرقتىكى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى نامىدا قىسمەن ئۇيغۇر تىلى مائارىپى ۋە نەشرىياتچىلىقىغا ھەسسە قوشقان بولسىمۇ مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە خىرىستىيانلىق تەشۋىقاتى ۋە غەرپ جاھانگىرلىرىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم! مەسىلەن قەشقەردە ياشىغان تۆۋەندىكى شەخسلەرنىڭ شۋېت مىسسىيونېر چىركاۋى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىشقا ۋە تارىختىن ساۋاق ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.**

**Gustaf Raquette (1871-1945)**
**Gustaf Ahlbert(1884-1943)**
**Sigfrid Moen (1897-?)**
**Oscar Hermansson (1889-1951)**

يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلاردەك مېنى ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتەرمىگەيسلەر

(مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام).

بۇ كىتاپنى خالىسانە باستۇرۇپ، ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە تارقاتماقچى بولغان قېرىنداشلارنىڭ نەشرىياتىمىز بىلەن ئالاقىلىششىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

heytahun@hotmail.fi

# مۇندەرىجە

خرىستىيان مىسسىيئونېرلارغا بىر نەچچە سوئال..............4
خرىستىيانلىقتىكى دىنى چېرىكلىك ۋە ئىسلاھات
تەشەببۇسلىرى .............................................16
خرىستىيان ياش - ئۆسمۈرلەرنى خرىستىيانلىقتىن
چىقىرىۋاتقان سوئاللار.......................................17
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىنجىلدىكى پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بىشارەتلەر
21...............................................................
36...............................مەن كۆرگەن غەرپ

# ھۆرمەتلىك كىتاپخان:

ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى گويا بىر مەھەللىدەك بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرغان مۇشۇنداق بىر دەۋىردە ۋە ئەۋزەل شارائىتتا ياشاۋېتىپتىمىز.ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالى مەكتەپ ـ پلەردە يولدىن ئادىشىپ خىرىستىيان بولغانلاردىن باشقا يەنە مەيلى ئۇيغۇر دىيارلىرىدا بولمىسۇن مەيلى سابىق سوۋېت تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولمىسۇن قىسمەن ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ خىرىستىيان مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ بىلىپ بىلمەي ساختا نىجاتلىق يولىدا ئۆزلىرىنى پەپىلەۋاتقانلىقى مېنى تولىمۇ ئېچىندۇرماقتا ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا غەرپ ئەللىرىدە ماكانلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇنداق خەۋپنىڭ شەپىسى مېنى بۇ ئەمگەككە ئۈندىدى.

مەملىكەت مىقياسىدا ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقىغا قارىماي ھازىر ۋەتەن ئىچىدىكى بەزى تور بەتلىرىدە خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئېلانلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگەللەيدىكەن. ئۆزەمچە ئويلاپ قالىمەن بۇ مىسسىيونېرلار ئەجىبا سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى قانۇندىن قانداق بۆسۈپ ئۆتۈپ

كېتىدىكىن تاڭ؟ ھەركىمنىڭ نېمىگە ئىشىنىشى ۋە قانداق دىنغا ئېتىقات قىلىشى ئەلۋەتتە ئۆز ئەركىنلىكى، شۇنداقتىمۇ قارغۇلارچە ئەمەس ياراتقان ئاللاھ بەخش ئەتكەن ئەقلىنى ئىشلىتىپراق يول تۇتسا ئىكەن، نېمىگە چوقۇنغانلىقىنى بىلىپراق دىن ئۆزگەرتسە ئىكەن دەيمەن، نۆۋەتتە مەيلى ئۇيغۇر دىيارىدا بولمىسۇن مەيلى مۇھاجىرەتتە بولمىسۇن بەزىبىر ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كېتىشتىن سىرت ئۆز ھالاكىتى بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي مىسسىئونېر تەشكىلاتلىرىنىڭ مائاشلىق پوپلىقى ۋە تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە ھە دەپ باشقا ئۇيغۇرلارغىمۇ تەشۋىقات قىلىۋاتقانلىقى مېنى بىئارام قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇشبۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمدە بۇ ئېقىمغا قارىتا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن، بۇ مۇنازىرىگە ئۆزلىرىنى ئېتىقاتچى دەۋالغان ئاتالمىش خىرىستىيان مىللەتداشلىرىمنىڭ ئىلمىي يوسۇندا جاۋاپ قايتۇرۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمەن، ھەمدە بولۇپمۇ غەرپ ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار ۋە زىيالىلارنىڭ پايدىلىنىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. دىلغۇلدا قالغان ياكى ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان سوئاللىرى بار ئوقۇرمەنلەرگە كىچىككىنە بىر ئۆلۈش ھەسسەم بولسا ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلغان بولاتتىم. خىرىستىيان بولغان بولىۋېلىپ چىركاۋغا بارسا چىركاۋدا ئادەم يوق غەرپلىكلەردىن ئاغرىنىۋاتقان،مۇسۇلمانلاردىن نەپرەتلىنىپ چوشقا گۆشىنى يەۋېرەي دىسە كۆڭلى كۆتەرمەي ھالال گۆش ساتىدىغان مۇسۇلمان تاللا

بازىرىدىن قوي گۆشى ئىزدەپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىقىغا ھەقىقەتنى پىچىرلىيالىسام تولىمۇ سۆيۈنگەن بولىمەن.

چارلىس مىسنەر «خىرىستىيانلار بىلمىگە ئىگە بولغانسېرى خىرىستىيانلىقتىن ، مۇسۇلمانلار قالاقلاشقانسېرى ئىسلامىيەتتىن ئالاقسى ئۈزۈلىدۇ» دەپ تولىمۇ جايىدا ئېيتىپتىكەن .

ئەسەرگە خىرىستىيان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ مەن بىلەن مۇنازىرە قىلماقچى بولغان بىرەيلەننىڭ سوئاللىرى ۋە مەن بەرگەب جاۋابنى قىستۇرۇپ قويدۇم ۋە ئاچىل تەخەللۇسىدىكى بىربلوگ يازغۇچىسىنىڭ غەرپ ئەللىرىدە كۆرگەن تەسىراتلىرىنى ئىلاۋە قىلدىم.

ھۆرمەت بىلەن: ھېيتاخۇن مەتىمىن (خېلسىنكى فىنلاندىيە)

2017.يىلى 13.ئاۋغۇست

**ئالدى بىلەن خىرىستىيانلىقتىكى تەسلىس - ئۈچ خۇدالىق ھەققىدە ئىزاھات بەرگەندىن كېيىن سوئالىمىزنى باشلايلى!**

**يەھۇدىيلىكتىن كېلىپ چىققان خىرىستىيانلىقنىڭ تەڭرى چۈشەنچىسى يەھۇدىيلىكتىن كۆپ پەرقلىقتۇر. خىرىستىيانلىقتا يەھۇدىيلار ئىشەنگەن تەڭرى بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئەيسا ۋە مۇقەددەس روھنىڭمۇ تەڭرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۈچ ئامىل تەڭرىنىڭ ئۈچ ئايرىم نامايەندىسى ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەيدىغان تەسلىس - ئۈچ خۇدالىق نەزىرىيىسىنى تەرەققى قىلدۇرغان. بۇ نەزىرىيىگە ئاساسەن «تەسلىس»تىكى ئۈچ ئامىل بىر تەڭرىگە ۋەكىللىك قىلارمىش، خىرىستىيانلار بۇ نەزىرىيىنى ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىش مۈشكۈل بولغان بىر سىر دەپ قارايدىكەن. ئىشىنىڭ بىسمىللاسى مۇشۇنداق دوگمىلىق بىلەن باشلانغان بىر دوگما دىن ھەققىدە بىللە پىكىر يۈرگۈزىمىز.**

# خىرىستىيان مىسسىئونېرلارغا بىر نەچچە سوئال

**1) بەزىدە بىر خۇداغا ئېتىقاد قىلىمىز دەيدىكەنسىلەر يەنە بەزىدە، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىكەنسىلەر؟ راستىنلا سىلەر ئۈچ خۇداغا ئېتىقاد قىلامسىلەر ياكى بىر خۇداغىمۇ ؟**

**ئۈچ خۇدالىق چۈشەنچەڭلار بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى مەككە مۇشرىكلىرىدىن نېمە پەرقىڭلار بار؟**

**2)خۇدانىڭ (سىلەر ئېتىقاتچىلار ئۈچۈن ئەيسا، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولسا ئاللاھ) باشقىچە ئېيتقاندا ئىلاھنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىكى بار دېگەن پىكىردە ھەممىمىز ئورتاق: ياراتقۇچى، ئۆلۈمسىز بولىشى ۋە چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغانلىقى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام يۇقارقى ئالاھىدىلىكلەردىن قايسىسىغا ئىگە؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسىنى يارىتىپتىكەنمۇ؟ خۇدا (تەڭرى) ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟كىرىستقا ئېسىلامدۇ ؟ بۇنداق كىشى قانداق تەڭرى بولالايدۇ؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىدىن سىرت ئىلاھقا خاس قانداق قۇدرەتلىرى بار؟ ئەڭ يادرولۇق سوئال بولسا بۈۋى مەريەم ئانا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغۇشتىن بۇرۇن بۇ دۇنيادا بىر تەڭرى كام ئىدىمۇ؟ ئادەم ئاتىدىن تاكى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە قەدەر يەككە ـ يىگانە بولغان تەڭرى قانداقسىگە كېيىنچە ئۈچكە ئايلىنىپ قالىدىكەن؟**

**3) نېمە ئۈچۈن قولۇڭلاردا تۆت خىل ئىنجىل بار؟ خۇدا سىلەرگە تۆت خىل كىتاب ئەۋەتىپ خالىغىنىڭلارنى تاللىۋېلىڭلار دېگەنمىدى ؟**

**4) ئىسلام دىنىنى ئۇرۇش ـ سوقاش ۋە رەھىمسىزلىكنى تەلىم بېرىدىغان دىن دەپ قارايسىلەر، رەھىمدىللىقنى ئەڭ ئاساسى پىرىنسىپ دەپ بىلىدىغان ئىسلام تەلىماتىنى بىلمەس بولىۋالىسىلەر.**

**ۋەھالەنكى يۈز يىللارچە داۋاملاشقان سەلىب قەتلىئاملىرىنى قانداق ئىزاھلايسىلەر؟ بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر تۈركۈم خىرىستىيانلار ئەيسا مەسىھنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ قان تۆكۈلمەكتە، ئىنجىلدا شۇنداق قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەنمۇ ؟ ياكى بۇيرۇلغانمۇ؟**

**5) ئەيسا ئەلەيھىسسالام دادىسىز دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىسىلەر. ئادەم پەيغەمبەرنىڭمۇ دادىسى يوق ئىدى، ئۇنداقتا ئادەم پەيغەمبەرمۇ ئاللاھنىڭ ئوغلىمۇ ؟ توۋا...**

**بۇ مەنتىقە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەندە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن نېمە پەرقى بار ؟**

**6) پروتەستان مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلار، كاتولىك مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلارنى، كاتولىكلەر بولسا پروتەستانلارنى ۋە ئورتا دوكسلارنى ئازغۇن دەپ قارايدۇ، بۇ ئۈچ ئانا ئېقىم ئىچىدە قايسىسى ھەقىقىي خىرىستىيانلىق ياكى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن خۇشخەۋەرگە ئەڭ سادىق؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى خۇدا ئەمەس بىر ئەلچى دەپ بىلىدىغان يەھوۋا گۇۋاھچىلىرىغا سىلەر قانداق باھا بېرىسىلەر؟ مورمونلارغىچۇ؟**

**7) ئىسلام دىنىدىكى ئاللاھ تەسەۋۋۇرىنىڭ رەھىمسىز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىسىلەر، سىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان خۇدا تەسەۋۋۇرىدا خۇدا كۆڭلى يۇمشاق، سۆيگۈ بىلەن تولۇپ تاشقان**

ئىمىش! شۇڭلاشقا گۇناھ ئىشلەۋەرسىمۇ بەرىبىر تەڭرى ئەپۇ قىلىدۇغۇ دەپ پەرەز قىلىسىلەر.

خىرىستىيانلىقتا«نوھ توپانى» نىڭ مەيدانغا كېلىش جەريا ـ نىنى ئەسلەپ بېقىڭلار! خۇدا ئۇ چاغدا ئىنسانلارغا سۆيگۈ يامغۇرى ياغدۇرغانمىدى؟ ئۇنداقتا، تەسەۋۋۇرۇڭلاردىكى تەڭرى(خۇدا) سۆيگۈ بىلەن تولۇپ تاشقان بولسا نېمىشقا ھەزرىتى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە چۆمگەنلىكى ئۈچۈن توپان بالاسى بىلەن جازالانغان؟سىلەرچە ھەر بىر ئىنسان توغۇلۇشتىنلا گۇناھكار توغۇلارمىش. ئەيسا ئەلەيھىسسالام قۇربان بولۇش ئارقىلىق باشقىلار نىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋەتكەن دەيدىكەنسىلەر؟ ئۇنداقتا گۇناھ كەچۈرۈم بولغاندىكىن گۇناھ قىلىۋەرسە بولىۋېرىدىغان قانداق چۈشەنچە بۇ؟

**8)** ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ۋەھىيلەر ئۇياقتا تۇرسۇن ۋاپاتىدىن خېلىلا كېيىن شاگىرتلىرى تەرىپىدىن يېزىلىشقا باشلىغان ئىنجىلنىڭ ئەسلى نۇسخىسى قەيەردە؟ قولۇڭلاردىكى ئىنجىل دېيىلگەن تېكىستلار ئىنجىلنىڭ تەرجىمىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى، تۇرسا ئەسلى پېتى ساقلىنىپ كەلگەن دەپ قاراش قانچىلىك ۋەزنىگە ئولتۇرىدۇ؟

**9) ھەزرىتى مۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر ـ نىڭ چاقىرىقىغا ماقۇل بولغان ھەبەشىستان پادىشاھى[①] ھەققىدە قانداق ئويلايسىلەر؟ ئۇمۇ خىرىستىيان تۇرۇپ ئەيسا ئەلەيھىسسا ـ لامنىڭ بىشارىتى بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبە ـ رلىكىگە چىن پۈتۈپ دەرھال ئىمان ئېيتقان ئىدىغۇ؟ھەمدە ئەتراپىدىكى پوپلار بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان ئىدىغۇ؟ ۋە ياكى ئۇ خىرىستىيان ئەمەسمىدى ؟**

**10) بارناباس ئىنجىلىنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىسىلەر، سىلەر ئۇنى ئوخشىمىغان يۈز نەچچە تۆر ئىنجىلد ـ ىكى ئەڭ مەنتىقىلىق بولغىنى ئۈچۈنمۇ يوق قىلىۋېتىشقا ئۇرۇ ـ نىسىلەر ؟ سىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتكىنى زادى نېمە ؟**

**11) ئىنجىل نۇسخىسى كۆپ قېتىم يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىلدى. ئىنجىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى يېڭىلىنىشى ۋە خاتا دەپ قارالغان مەزمۇنلىرىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى 1900 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟**

**12) ھاراق ـ شاراپ بارلىق مۇقەددەس كىتابلاردا چەكلەنگەن تۇرۇقلۇق سىلەرنىڭ ئۇنى ئۇلۇغ ئىچىملىك دەپ**

---

[①] *ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى مۇنداق دېگەن ئىدى :خىرىستىيانلىقتا ئىنسان تۇغۇلغاندا گۇناھكار تۇغۇلىدۇ . ئىسلامدا بولسا تۇغۇلغاندا بوۋاق گۇناھسىز تۇغۇلىدۇ . ئەنە بىز ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئەلچى(پەيغەمبەر) كەلدى.*

ئاتىشىڭلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە قانداق مۇددىئا بار؟ هاراق ـ شاراپ ئىچىشنى توغرا دەپ قاراش قانداق ئىش؟ كەيىپ ـ ساپانى يوللۇق ئىش دەپ قارايدىغان قانداق دىنكەن ئۇ؟ دەپ بېقىڭلارچۇ هاراق ئىچكەن بىر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر؟

13) ئىنجىلدىكى: يەر يۈزىگە تېنچلىق ئېلىپ كەلدىم دەپ قالماڭلار، مەن تېنچلىق ئەمەس، بەلكى قىلىچ ئېلىپ كەلدىم. [7 ـ ماددا، 34/10] جۈملىسىنى ئىزاهلاپ بېقىڭلار ؟

14) ئىنجىلدىكى بىر تېكىستتا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزۈمسىز بىر تال دەرەخنى قاغىغانلىقى (لەنەتلىگەنلىكى) ئىپاد ـ ىلەنمەكتە، بۇنىڭ تولۇپ تاشقان سۆيگۈ بىلەن قانداق باغلىنىشلىقى بار؟ بۇ قانداق تەسۋىرلەش شەكلى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرچە خۇدا ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر زاتنىڭ قانداق بولۇپ قورسقى ئېچىپ كېتىدۇ؟ خۇدا يىمەك ـ ئىچمەككە مۇهتاجمىدۇ ؟

15) ئىسلام دىنىنى قەدىمكى ئاي تەڭرىسگە ئوخشىتىسلەر، هالبۇكى ئىنجىل ئومۇملاشقان قەدىمكى يۇناندا كۆك تەڭرى دىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆپ خۇدالىق دىنىدىمۇ كىرىس بار ئىدى ۋە يەكشەنبە كۈنى مۇقەددەس كۈن دەپ هېسابلىناتتى. هازىرقى خىرىستىيانلىق بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان كۆپلىگەن ئىبادەت شەكلى بار ئىدى. بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ؟ ياكى خىرىستىيانلىق، قەدىمكى يۇنان ـ پاگان دىنىنىڭ ئارلاشمىسىمۇ ؟

ئەينى دەۋردىكى رىم(يۇنان) ئىمپېرىيىسى بۇ ئىككى دىننى يۇغۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۈگۈنكى خىرىستىيان دىننى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنداق بولغاندا قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدىكى كۆپ خۇدالىق دىن بىلەن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجرا بېسىققان بولاتتى.

16) ئىسلام دىنىدا خىرىستىيان ۋە يەھۇدىلار دىن قىز ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن، خىرىستىيان ۋە يەھۇدى دىنىدا بۇ قەتئىي چەكلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قايسىسى سۆيگۈ دىنى ئىكەن ؟

17) ئىنجىلدا «بىر ئايالغا ئوڭ كۆزۈڭ شەھۋەت بىلەن تىكىلىپ قارىسا ئۇنى چىقىرىپ ئات، بۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭنىڭ جەھەننەمدە كۆيۈشىدىن ياخشىدۇر»دېيىلگەن.

بۇ ئايەتنى تەستىقلىغان خىرىستيانلار قېنى قەيەردە ؟ كۈنىمىزدە خىرىستىيان ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن غەرپ دۇنياسىدا بۇ تەلىمات بويىچە ياشايدىغان خىرىستىيان تېپىلارمۇ؟

رەسمىي ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا خىرىستىيان قىز - يىگىتلەرنىڭ 85% تويى قىلىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئەز دىگەندە بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدىكەن.

بىر ئايالغا شەھۋەت بىلەن تىكىلىپ قاراشنىڭ جازاسى كۆزنى چىقىرىپ ئېتىش تۇرسا، زىنانىڭ جازاسى قانداق بۇلار ؟

18) ئىنجىلدا «ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇن بىلەن توي قىلغانلىق زىنا قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش» دېيىلگەن. ئىسلام دىنىنى ۋەھشىي دىن دەپ تەرپىلەۋاتقان مىسسىيونېرلار بۇنىڭغا قانداق ئىزاھات بېرەركىن ؟ ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا خرىستىيان دۆلەتلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ 60% بىر قېتىمدىن كۆپ توي قىلغانلىقى ئېنىقلانغان.

19) ئىنجىلدا «ئوڭ مەڭزىڭىزگە كاچات يېسىڭىز سول مەڭزىڭىزنى تۇتۇپ بېرىڭ» دېيىلگەن. تارىختىكى سەلىب ھۇجۇم سەپەرلىرى ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى ئىسلام ئەللىرىگە قارىتا داۋاملىشىۋاتقان تاجاۋۇز ۋە بومباردىمان قىلىش جىنايەتلىرى ئىنجىلغا ئاساسەن گۇناھ ۋە جەھەننەملىك بولمامدۇ ؟

20) ئىنجىلدا«روزى تۇتقاندا بېشىڭلارغا ياغ سۈرۈپ، يۈزۈ-ڭلارنى يۇيۇڭلار» دېيىلگەن. بۈگۈنكى خرىستىيانلار قانداق روزى تۇتماقتا ؟

21) ئىنجىلدا مۇنداق بىر تېكىست بار «مەن ئوغۇل بىلەن دادىسىنىڭ، قىز بىلەن ئانىسىنىڭ، كېلىن بىلەن قېيىن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھىجران سېلىش ئۈچۈن كەلدىم.»بۇ تېكىستنى قانداق ئىزاھلايسىلەر ؟ ھەقچان نەپرەت دەپ ئېنىقلىما بەرمەسسىلەر؟

22) ئىنجىلدا «ھەزرىتى ئەيسا كىرىسقا مىخلانغاندا، ئارقا-مدىن كەلمىگەن ماڭا لايىق ئەمەس»دېيىلگەن. بۇ ئەھۋالدا قانچە پىرسەنتىڭلار ئۇنىڭغا لايىق ؟

## 23) قولۇمدىكى ئىنگلىزچە ئىنجىلدا :

**İf any one comes tome and does not hate his own father and mother and wife and children and broders and sisters ,yes and even ownlife ,he cannot be my disciple (Luke 14 -26)**

**ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى :«مۇبادا مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن بىرى ئۆز دادىسىدىن، ئانىسىدىن، ئايالى ۋە باللىرىدىن ھەم شۇنداقلا ئاكا ـ ئۇكىللىرىدىن ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن، ھەئە،ۋە ھەتتاكى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن نەپرەتلەنمىسە مېنىڭ شاگېرتىم بولالمايدۇ» دېيىلگەن.**

**مىسسىئونېرلار تارقىتىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئىنجىلدا نېمىشقا بۇ جۈملە مۇنداق يۇمشىتىلىپ تەرجىمە بېرىلگەن ؟**

**«ئەيسا ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى: بىرى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ دادىسىنى،ئانىسىنى، ئايالىنى، بالا ـ چاقىللىرىنى، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرمىسە مېنىڭ شاگىرتىم بولالمايدۇ»(14 ـ باب، شاگىرت بولۇش شەرتى) دەپ تەرجىمە بەرگەن؟ ئىنجىل دەپ قارالغان كىتابنى تەرجىمە قىلغانلار ئىنگلىزچىنى ياخشى بىلمەمدۇ؟ياكى مەقسە ـ دىلىك ھالدا بەزى تېكىستلارنى ئەگىپ تەرجىمە قىلامدۇ ؟**

24) يۈز يىللار ئاۋۋال خرىستىيان دۇنياسىدا: دۇنيانى گۈلۈبۇس-يۇملاق، دېگەنلەرنى شەيتان دەپ نام بېرىپ كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلەرنىڭ ھېسابىنى كىم بېرىدۇ؟

25) خرىستىيان دىنى چۈشەنچىسىگە ئاساسەن تەڭرىنىڭ روھى مەريەمنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرىپ ئەيسا ئەلەيھىسسالامدا بەدەم ھالىتىگە ئۆتكەن.

بۇ مەنتىقە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا ئەيسا ئەلەيھىسسالام ھەم خۇدا ھەمدە خۇدانىڭ ئوغلى ،شۇنداقلا خۇدانىڭ سۆزى يەنى ئىنجىلنىڭ ئۆزى.

ئىنجىلدىكى تەرىپكە ئاساسەن: ھېچنەرسە يوق ئىكەن ئەيسا بار ئىدى.

مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆزىمىزگە شۇ سۇئالنى سوراپ باقايلى: ئەيسا بىر ياراتقۇچىمۇ ياكى يارىتىلغۇچىمۇ؟ ئەگەر ياراتقۇچى بولسا، ئۇ ئىنسان ئەمەس، يارىتىلغۇچى بولسا خۇدا ئەمەس.

26) ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 3 كۈن ئۆلۈپ قالغانلىقى ئىپادىلەنمەكتە. ئۇنداقتا تەڭرى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ قالغان 3 كۈندە كائىناتنى كىم باشقۇرغان ؟

«GOD» سۆزى ئىنگلىز تىلىدا تەڭرى مەناسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە خرىستىيانلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا دەۋرىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچە مەنا يۈكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. خرىستىيانلار «GOD» ـ «خۇدا» دىگىنىدە بىز چۈشەنگەن مەنادىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالانى دەۋاتىدۇ دەپ ئېيتالمايمىز.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى خرىستىيان مەزھىبىنىڭ ئېتىقادى بويىچە دادا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ(تەسلىس) نىڭ يىغىندىسى «GOD» ـ «خۇدا» ئوقۇمى نەزەردە تۇتماقتا. ئۈچ خۇدالىق تەسلىس چۈشەنچىسى (ئېتقادى) خرىستىيانلىقنىڭ باشلىنىشى بولغان ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە يوق ئىدى. ئاللاھنىڭ تۇنجى ئەلچىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقى تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد بولۇپ باشقىچە ئېلىپ ئېيتقاندا ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى ۋە ئورتاق غايىسى بىردەكلىككە ئىگە ئىدى: ئىنسانلارنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىش، بىر ئىلاھقا چوقۇندۇرۇش،يىگانە ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلدۇرۇش.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلىشقا باشلانغان ئىنجىل نۇسخىلىرىغا ئۈچ خۇدالىق (تەسلىس) چۈشەنچىسى سىڭدۈرۈلۈشكە باشلانغانلىقى مەلۇم. 4 ـ ئەسىردە كۆپ خۇدالىق دىنى ئېتقادىغا ئىگە رىم ئىمپېرىيىسى ئەمەلدار ـ

لىرى تەسلىس ئېتىقادىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئىشىنىپ كەلگەن دىن چۈشەنچىسىگە يېقىن ھېس قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلىپ تەۋھىد (بىر ئىلاھلىق) ئەقىدىسىگە تەرغىپ قىلىدىغان ئىنجىل نۇسخىلىرىنى يوق قىلغانلىقى مەلۇم.

زامانىمىزدا چېركاۋ بىرلىكى ۋە بىرلەشكەن ئالەمشۇمۇللار قاتارلىق بەزى خىرىستىيان مەزھەپلىرى تەسلىس چۈشەنچىسىنى رەت قىلماقتا.

خىرىستىيان دىنىنى ۋە مۇھىتىنى تەتقىق قىلغانسىرى ئىسلام دىنىدىكى تەۋھىت چۈشەنچىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدىكەنمىز. قەدىمدىن تارتىپ ئىمان ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ھاللاردا شېرىكلىككە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ ۋەجىدىن قۇرئان كەرىم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك توغرىسىدا قەتئى يوسۇندا ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرىپ كەلگەن.

مېنىڭچە بىر خىرىستىيانغا «ئاللاھ»نى چۈشەندۈرۈش، ئاللاھنى ھېچ بىلمەيدىغان ئاتېئىزىمچىغا «ئاللاھ»نى چۈشەندۈرۈشتىن نەچچە ھەسسە ئاسان. بىر خىرىستىياننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن تۈنجى قەدەمدە مېڭىسىدىكى «ئاللاھ» چۈشەنچىسىنى يەنى خۇدا ئۇقۇمىنى تۈزىتىش يېتەرلىك بولىدۇ. تەتقىقات روھىغا ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن بۇ قىيىن ئىش ئەمەس .

ئەملىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بارغانسىرى خىرىستىيان دىنىدىن يېنىپ مۇسۇلمان بولۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەپ خىرىستىيانلىقتىكى تەسلىس (ئۈچ خۇدالىق) چۈشەنچىسىنىڭ ئەقلى ۋە مەنتىقى ئاساسى بولمىغانلىقتىن بىر ئىلاھلىق چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان تەۋھىد دىنى - ھەزرىتى ئەيسا ۋە بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق تەشەببۇسى بولغان ئىسلامغا باشلىماقتا.

# خىرىستىيانلىقتىكى دىنى چېرىكلىك ۋە ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى

بىر تۈركۈم ئىنسانلار ئۆز خاھىشى بويىچە ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ يەنە بىر تۈركۈملىرى ئۆزلىرىچە ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز مەسلەن خىرىستىيان دىنى مەزھەپلىرى ئىچىدە ئەڭ يېڭى ئېقىملىرىدىن بىرى بولغان يەھوۋا شاھىتلىرى چېركاۋلىرىدىن خىرىستىيان ئەۋ- لىيالىرى دەپ قارالغان ئەزىزلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ئۆزاقلاشتۇرۇشى ۋە ۋەھاكازالار. خىرىستىيان دۇنياسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن چېركاۋدا دۇئا قىلغان ئەسنادا نانىنى هاراققا چۆمۈرۈپ يېيىشنىڭ ئورنىغا سۇغا چۆمۈرۈپ يېيىلمەكتە. باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئەسلى ھۆكمى بولغان ھاراق - شاراپ ئىچمەسلىك قىسمەن چېركاۋلاردا ساقلىنىپ قالماقتا.

## خرىستىيان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى خرىستىيانلىقتىن چىقىرىۋاتقان سوئاللار

خرىستىيان دۇنياسىدىكى مەكتەپلەردە ماتېرىيالىزىمچى مائارىپى بىلەن چوڭ بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئونىۋېرستېتقا چىققان ۋاقتتا ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس ئالغان خرىستىيان دىنى ھەققىدە شۈبھىگە چۈشۈشكە باشلايدىكەن ۋە تۆۋەندىكى سوئاللار ئۇلارنى دىننى تىگەشتۈرۈشكە، ھەقىقەتنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدىكەن.

## ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ جاۋاپ ئىزدەۋاتقان سوئاللىرى

1) ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى قانداق بولىدۇ؟ (خرىستىيانلار ئەيسا قۇتقازغۇچى سۈپىتىدە ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ).

2) نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ياراتقۇچى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ھالدا ياخشى ئىشلار بىلەن ھايات ئۆتكۈزۈپ بۇ دۇنيادىن ئۆتكەن

بولسىمۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى خۇدا دەپ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن جەھەننەمگە كېتىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن بەزى خىرىستىيانلار ھاياتىنى ئەسكى ئىشلار ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسا ـ لامنى خۇدا دەپ تونۇغانلىقى ئۈچۈنلا جەننەتكە بارىدۇ؟

3) ياراتقۇچى خۇدا ئىنسانلارنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى نېمىشقا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىستقا ئېسىلىشىغا باغلاپ قويىدۇ ؟

4) دۇنياغا كەلگەن ھەرقانداق بوۋاق نېمە ئۈچۈن «ئادەم» پەيغەمبەر ئىشلىگەن، جەننەتتىن قوغلانغان گۇناھ تۈپەيلى گۇناھكار دەپ ھېسابلىنىدۇ ؟ گۇناھكار تۇغۇلىدۇ؟ بۇ ناھەقچىلىك ئەمەسمۇ؟

5) چەكسىز بىلىم ئىگىسى بولغان ياراتقۇچىنىڭ سۆزى دەپ قارالغان ئىنجىل نېمە ئۈچۈن ئىلىم ـ پەنگە ماس كەلمەيدۇ ؟

ھەزرىتى ئەيسا قانداقمۇ خۇدا بولسۇن؟ بىر ياراتقۇچى قانداق قىلىپ ئۈچ بولسۇن ؟

چېركاۋدىكى پوپلار يۇقارقى سوئاللارغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمىگىنى ئۈچۈن خىرىستىيانلىق زاۋاللىققا يۈز تۇتماقتا. قۇرئان بولسا تېخى سورىلىپ باقمىغان سوئاللارغا مۇكەممەل جاۋاب بەرگەنلىكى ئۈچۈن بارغانسېرى كەڭ ئېتىراپقا سازاۋەر بولماقتا.

خىرىستىيانلىق(خىرىستىيان دىنى) زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم تەرىپى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئېتىقاد ئاساسلىرىغا قوندۇرۇلغىنى تۈپەيلى بارغانسېرى بوھرانغا قاراپ ماڭماقتا.

خىرىستىيان دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلار قىسمەن خىرىستىيان مەدەنىيىتىدە ئۆسۈپ - يېتىلگىنى بىلەن چېركاۋ بىلەن مۇناسىۋىتى بارلار بارا - بارا ئازىيىپ چېركاۋلار خارابىگە ئايلانماقتا.

ئىلمى ۋە ئاڭلىق ئېتىقادى ئاساسى بار ، ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ خىرىستىيان دىينىغا كىرگەنلىكىنى، دىن ئالماشتۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

ھەر كۈنى يۈزلەرچە خىرىستىياننىڭ ئىسلامغا يۈگرەۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى خىرىستىيان ئەللىرىگە (مەسىلەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى) كۆچۈپ بېسىمغا قارىماستىن، دىنلىرىنى تەرك ئېتىپ خىرىستىيان بولمايۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە يەرلىك ئاھالە مۇسۇلمانلاردىن تەسىرلىنىپ خىرىستىيان دىنىنى تەرك ئەتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلاشماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارنى ئەھلى كىتاب ئاتالغۇسى بىلەن چاقىرىپ ئالاھىدە ئورۇندا قويغانلىقىدەك رىئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ نۇرلۇق ئىسلام بىلەن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

قۇرئان كەرىم، ئىسلام دىنىنىڭ بۇرۇنقى ۋەھيىلەر ۋە پەيغەمبەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نۇرغۇن ئايەتتە تىلغا ئالىدۇ.

«(ئى مۇھەممەد ! )ئۇلارغا ئېيتقىنكى بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. بىزگە نازىل قىلىنغانغا(يەنى قۇرئانغا) ، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇپقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (يەنى تەۋراتقا) ، ئىساغا بېرىلگەن (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلمايمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز. كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.»[ئال ئىمران سۈرىسى 84 ـ 85 ئايەت]

ئىسا ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ئانتاكيەلىك پاۋلۇس ئىسناگوگ (يەھۇدى ئىبادەتخانىسى) ئىمامى ئىدى.ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتىن (خىرىستىيانلارنىڭ قارشى بويىچە كىرىستقا ئېسىلىشتىن ) ئىككى يىل كېيىن، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئىنجىلنى يازدۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەزكۇر ئىنجىل بولسا ماتتا، ماركوس، لۇكا ۋە يۇھاننا قاتارلىقلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىنجىل.

ئۈچ خۇدالىق (تەسلىس) پىكرىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا

قويغان پاۋلۇس، ئۆز مىللىتى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قاتتىق ئۆلۈم تەھدىدىگە دۇچ كەلگەچكە شىمالغا قېچىپ بېرىپ ئۈچ خۇدالىق ئىدىيىسى ئاساسىدىكى خرىستىيانلىقنى يېيىشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇتلەق كۆپ ساندىكى خرىستىيانلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ كەلگەن ئۈچ خۇدالىق ئاساسىدىكى خرىستىيان دىنى چۈشەنچىسى كېيىنچە كۆپ تەڭرىلىك قەدىمىي يۇنان دىنلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋىزانتىيە ھۆكۈمران سىنىپىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىمپېرىيىنىڭ رەسمىي دىنى دەپ ئېلان قىلىنىپ كۈچەپ تەشۋىق قىلىنغان.

خرىستىيان دۇنياسىدا ئومۇملاشقان چېركاۋدا ھاراققا نانىنى چۈمۈرۈپ يېيىش ئادىتى مۇنداق مەنانى ئىپادىلەيدىكەن: نان ئىسانىڭ بەدىنىگە، ھاراق بولسا روھىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ نانىنى ھاراققا چۈمۈراپ يېگەنلىك ئىسانىڭ مۇھەببىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەنلىك بولارمىش .

# بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىنجىلدىكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بىشارەتلەر

بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان دەپ ماۋزۇ قويۇشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان دېگەندە ئۆزگەرتىلگەن، ئىلاۋە

قىلىنغان،ئۆيدۇرۇلغان ۋە بۇرمىلانغان دېگەن ئۇقۇم نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئىنجىلدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەممە جۈملىلەر بولسا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ئىنجىلدىكى تېكىستلار بولۇپ، يەھۇدىلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىشلەر توغرىسىدا قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ :

«كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئەتى) ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولدى دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى ) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي !» [سۈرە بەقەرە 79. ئايەت]

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) سىلەرگە سىلەر كىتاپتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى.» [سۈرە مائىدى15. ئايەت]

قۇرئان كەرىم، يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكلىرى ۋە يوشۇرغانلىقلىرىنى ئوتتۇرغا قويغان.

بۇ بۆلۈمدە ئىنجىلدىكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۇچرىتىلغان بېشارەتلەرگە قاراپ باقايلى :

1. ئىسا دېدى: ئەگەر مېنى سۆيىدىغان بولساڭلار،

ئەمرلىرىمگە بويسۇنۇڭلار، «مەنمۇ رەب تىن تىلەيمەن ۋە ئۇ سىلەرگە بىر پاراقلىت بېرىدۇ. ئۇ (پاراقلىت) سىلەر بىلەن بىللە بولسۇن ئۈچۈن»[يوھاننا . 14 . باب15 ـ 16 ئايەت]

2. ئىسا دېدى : رەب مېنىڭ نامىم بىلەن ئەۋەتىدىغان پاراقلىت سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ. مەن سىلەرگە ئېيتقانىنىڭ ھەممىنى سىلەرگە خاتىرلىتىپ قويىدۇ[يوھاننا . 14 . باب26 ـ ئايەت]

3. ئىسا دېدى : پاراقلىت كەلگەندە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن، ھازىر سىلەرگە ئېيتتىم [يوھاننا . 14 . باب29 ـ ئايەت]

4. ئىسا دېدى : ” رەبتىن سىلەرگە ئەۋەتكەن پاراقلىت كەلگەندە ئۇ ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ . [يوھاننا . 15 . باب26 ـ ئايەت]

5. ئىسا دېدى: لېكىن سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىمەن، مېنىڭ كېتىشىم سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، چۈنكى مەن كەتمىسەم پاراقلىت كەلمەيدۇ، بىراق مەن كەتسەم پاراقلىتنى ئەۋەتىمەن [يوھاننا . 16 . باب7 ـ ئايەت]

6. ئىسا دېدى: لېكىن پاراقلىت كەلگەندە سىلەرنى ھەقىقەتكە باشلايدۇ، چۈنكى ئۆزلىگىدىن گەپ قىلمايدۇ. نېمىنى ئىشتىسە ئۇنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسى ئىشلارنى سىلەرگە بىلدۈرىدۇ[يوھاننا . 16 . باب13 ـ ئايەت]

7. ئىسا دېدى : ئۇ پاراقلىت مېنى ئۇلۇغلايدۇ. چۈنكى مېنىڭكىدىن ئېلىپ سىلەرگە

يەتكۈزىدۇ. [يوھاننا.16.باب14 ـ ئايەت] ئىنجىل يۇقارقى ئىپادىلىرىدە ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىشارەت بېرىلگەن ۋە گېرىكچىدە ياردەمچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ” پاراقلىت “ دەپ ئاتالغان كىشى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ بۇ سۆزنىڭ ئەرەپچىدىكى ئىپادىسى ئەھمەت (ئەڭ كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان) ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. يۇقارقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا مەۋجۇت. دېمەك ئىنجىلدا بىشارەت بېرىلگەن كىشى دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئىنجىل تەپسىرلىرىدە"پاراقلىت" سۆزى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھەقىقەتپەرۋەر زات دەپ ئىزاھلانغان،ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە”پاراقلىت“ ھەقىقەتنىڭ روھى دەپ تەرجىمە بېرىلگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىپ ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىدىغان كىشى نەزەردە تۇتۇلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەجىبا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرى كېلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟

8. ئىسا دېدى: ئەمدى سىلەرگە بىر نەرسە دېمەيمەن. چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ رەئىسى كېلىدۇ ۋە مەندە ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى يوق[يوھاننا.14.باب30 ـ ئايەت]

9. ئىسا دېدى: ئۇ كەلگەندە تىنچلىق ۋە ھۆكۈم ئۈچۈن دۇنيانى قىستايدۇ.[يوھاننا.16.باب8 ـ ئايەت]

ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىپ دۇنيانىڭ رەئىسى بولغان، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئۇرنىغا ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا چىقارغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامدىن باشقا بىرەر كىشى تېپىلارمۇ؟

ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىن شەرىقتىن غەرپكىچە ھەممە يەرگە يېتىپ بارغان يىگانە دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدۇر.

10. يەھيانىڭ گۇۋاھلىقى مۇنداق بولدى: ئوچۇق ئېيتتى ئىنكار قىلمىدى. مەن مەسىھ ئەمەس دېدى. ئۇلارمۇ ئۇ-نىڭغا "ئۇنداقتا سەن كىم بولسەن؟" سەن ئىلياسمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇمۇ ئەمەسمەن دېدى. سەن ئۇ پەيغەمبەرمۇ سەن؟ دېگەندە يەھيا ياق، -دەپ جاۋاپ بەردى. [يوھاننا.21.باب20-ئايەت]

ھەزرىتى يەھيا ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ تۈرلۈك سوئال سورالغاندا ھەممىسگە ياق دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئا : سەن مەسىھمۇ؟ يەنى ئىسا مۇ؟ -ياق

ب : سەن ئىلياسمۇ ؟ -ياق

س : سەن ئۇ پەيغەمبەرمۇ ؟ -ياق

دىمەككى يۇھاننا ئىنجىلىنىڭ بۇ ئايىتىدە ئۈچ ئوخشىمىغان پەيغەمبەر تىلغا ئېلىنغان، بۇلار ھەزرىتى ئىسا، ھەزرىتى ئىلياس ۋە ئۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

# قىستۇرما:

قۇرئان كەرىم كۆزنىكىدىن ئىسا مەسىھناملىق تەرجىمە ئەسىرىمدىن كېيىن ماڭا كەلگەن بىر قىسىم سوئاللار ۋە بۇنىڭغا قارىتا مەن بەرگەن جاۋاپلار:

ئۇيغۇر بوي: سىز تەرجىمە قىلغان كىتاپتا ناسارا سۆزىنى ئاللاھ سۆيگۈسى ئۈچۈن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش چاقىرىقىغا سادىق بولغانلار دەپ تەبىر بېرىلىپتۇ , بۇ خاتا. چۈنكى ناسارا دېگەن سۆز ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. بۇ ھەقتە ئىنجىلدا :

ھىرود پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، مىسىردا يۈسۈپنىڭ چۈشىدە خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى كۆرۈنۈپ: - ئورنۇڭدىن تۇر! بالا ۋە ئانىسىنى ئېلىپ ئىسرائىلىيىگە قايت! چۈنكى، بالىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغانلار ئۆلدى، - دېدى. بۇنىڭ بىلەن، يۈسۈپ بالا ۋە ئانىسىنى ئېلىپ ئىسرائىلىيىگە قايىتتى. بىراق، يۈسۈپ ھىرود پادىشاھنىڭ ئوغلى ئارخېلاسنىڭ پادىشاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قايتىشتىن قورقتى. كېيىن، ئۇ خۇدانىڭ بېشارىتىگە ئاساسەن جەلىلىيە ئۆلكىسىگە بېرىپ، ناسىرە شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ: «ئۇ ناسىرەلىك دەپ نام ئالىدۇ» دېگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى( مەتتا بايان قىلغان خۇش -خەۋەر)

دەپ يېزىلغان ئەيسا مەسىھ خۇدا تۇغۇرلۇق ئەڭ ئاۋال يۇرتىدا

تەلىم بەرگەنلىكى ۋە دەسلەپكى ئىشەنگۈچىلەر ناسىرىيەلىك بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا شەھەردىكىلەر ئۇلارنى ناسىرىيەلىكلەر ناسارلار دەپ ئاتىغان
كېيىن ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنگەنلەر كۆپەيگەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى رىمنىڭ دۆلەت تىلى بولغان گىرىك تىلى بويىچە ھەزرىتى ئەيسانى خىرىستوس يەنە قۇتقۇزغۇچى دەپ ئاتىغان ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى خىرىستىيانلار يەنى خىرىستوسنىڭ ئەكەشكۈچىلىرى دەپ ئاتىغان.

## جاۋابىم:

ناسارا ئاتالغۇسىنىڭ قەيەردىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە سىز ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشتىن باشقا يەنە ئۆزگىچە چۈشە-نچىلەمۇ بار، مەسلەن بەرىكەتلىك بولسۇن دەپ ياغ سۈۋلگەن ئادەم دېگەن قاراشلارمۇ بار. بۇنىسى تالاش تارتىش قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلايمەن، يەنە كېلىپ مەن تەرجىمە قىلغان ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەرەپ ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن ئەڭ چۈ-شىنىشلىك دەپ قارىغان تەبىر بۇ بولغاچقا مەنمۇ ئەينەن تەرجىمە قىلدىم. كىتاپنى قايتا ئوقۇسىڭىز سىز دېگەندەك ئەمەس مۇنداق تەبىر بېرىلگەنلىكىنى ئۈچرىتىسىز:
ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرگە ” ناسارا “ ئىسمىنى ئىشلەتكەن.

سلەرنى قۇرئاندىكى بۇ ئاتالغۇ بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتىن بۇرۇن قۇرئاندىكى«ناسارا » سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ناسارا سۆزى " ئاللاھ سۆيگۈسى ئۈچۈن، ئاللاھ دىنىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش چاقىرىقىغا سادىق ۋە خالىسانە ياردەمدە بولغانلار" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھەر مۇسۇلماننى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ئىچىدىكى ئۇ مۇخلىس كىشىلەرگە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئى مۆئمىنلەر! ھاۋارىيونلار ( يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن قەۋم ) دەك ئاللاھ نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھاۋارىيونلارغا: « ( ئاللاھ نىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا ) ئاللاھ قا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟ » دېدى، ھاۋارىيونلار: « بىز ئاللاھ نىڭ ياردەمچىلىرىمىز » دېدى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى، مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىب بولدى ﴾ [سۈرە سەف 14 - ئايەت]

**سوئال** :سىز يەنە كىرىش سۆزدە، ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئىسلامدىن بىلىمى يوق تۆۋەن قاتلامدىكىلەر دەپ يېزىپسىز، لېكىن مەن تونۇيدىغان ئۇيغۇر ئېتىقادچىلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە نۇرغۇن ئادەملەر بار ھەم ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى بىلىمىمۇ ئۇنچە تۆۋەن ئەمەس

مەن ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام مەنمۇ بۇرۇن بەش ۋاخ ناماز ئۇقۇغان، قۇرئاننىڭ ئەممە پارىسنى يادقا بىلمەن ھازىرمۇ، مەۋدۇدىي سەئىد قۇتۇپنىڭ كىتاپلىرىنىڭمۇ ھەممىنى ئۇقۇغان، شۇڭا بىر نەچچە ئادەمنى كۆرۈپلا مەسىھ ئىتقادچىلىرىغا باھا بەرمەك؛

**جاۋاپ:** مەن خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىدىغان ئىبارە ئىشلەتمىدىم، پەقەن مېنىڭ كۆزىتىشىمچە خىرىستىيان بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كىچىكىدە ئىسلام ھەققىدە مەلۇماتسىز قالغان ياكى خۇراپىي نەرسىلەرنى ئىسلام دەپ تونۇۋالغان كىشىلەردىن تەركىپ تاپىدىكەن دېگەننى يۇرۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. ئەمىلىيەتمۇ شۇغۇ. نەچچە يىل بۇرۇن تۈركىيەنىڭ نۆۋەتتىكى پىرېزىدېنتى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغاننىڭ تۈركىيەدىكى مىسسيونېرلارنىڭخەتەرلىك پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى خەلقنىڭ ئەندىشىلىك غۇلغۇلىسىغا قارىتا بىر تېلېۋىزىيە قانىلىدا مۇنداق دېگەنلىكى ئېسىمدە :«مىسسىئونېرلاردىن ئەندىشەلەنمەڭلار! ئەگەر سىلەر ئەۋلاتلىرىڭلارنى ئاڭلىق تەربىيلىسەڭلار ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىزمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ» ئادەتتىمۇ مەن خىرىستىيان مۇھىتىدا ياشاۋاتقىنىم ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ئىدارەمدىكىلەرمۇ ھەممىسى خىرىستىيان ئەمما مېنىڭ ناماز ئوقۇشۇمغا توسالغۇ بولمىغاننىڭ سىرتىدا ھۆرمەت قىلىدۇ.

مەن تەپەككۇر قىلىدىغان ئىزدىنىدىغان ئادەملەرنى تولىمۇ هۆرمەت قىلىمەن، كىتابىڭىزدا ئۇيغۇر مەسىھ ئېتىقادچىلىرىغا سوئال قويۇپسىز، ئەلۋەتتە دىگىنىڭىزدەك كىتابىڭىزغا رەدىيە بىرىشكە تىرىشىمەن.

بىزنىڭمۇ سىلەرگە قويۇدىغان بىر نەچچە سوئالىمىز بار ئىدى مىنىڭچە كىتابىڭىزغا كىرگۈزۈپ بۇنىڭغىمۇ جاۋاپ بېرىۋەتسىڭىز، كىتابىڭىزنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ

سىلەر ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامنىڭمۇ ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىسىلەر. ئۇ چاغدا قۇرئان يوق تۇرسا قانداقمۇ ناماز ئوقۇسۇن؟

جاۋاپ:ناماز ئۇيغۇر تىلىغا پارىسچىدىن كىرگەن بولۇپ ناماز دەپ تەرجىمە بېرىلگەن قۇرئان كەرىمدىكى «سالات» سۆزىنىڭ ئىنگىلىز تىلىدىكى دەل ئىپادىسى < pry> دۇر، هىندى ۋە ئوردۇ تىللىرىدا بولسا «ناماز» دۇئا دېگەن ئۇقۇمدا. مەسىلەن مۇسۇلمان ئەمەس هىندىلار ئۆز دىنى رەسمىيتى بويىچە ئېلىپ بارغان ئىلاهلىرىغا تىۋىنىش ۋە دۇئالىرىنى ناماز دەپ ئاتايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم پەيغەمبەردىن تارتىپ ئەيسا ئەلەيهىسسالام ۋە مۇهەممەد ئەلەيهىسسالاملارغىچە هەممىسى ناماز ئوقۇپ كەلگەن ۋە ئوقۇغان نامازلىرىدا ئەينى چاغدىكى ئۆزلىرىگە نازىل بولغان ۋەهيي تېكىستلىرىدىن ئايەتلەرنى ئوقۇغان. مەسىلەن هازىرمۇ قولىمىزدا بار بولغان داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ

زەبۇرىدا ياراتقۇچى ئاللاھقا قىلغان يىغا ـ زار ۋە مەدھىيەلىرىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. ھەممە پەيغەمبەرلەر ئۆز خەلقىگە نامازنى تەۋسىيە قىلغان، بۇنىڭ يارقىن مىسالى خرىستىيان دىنى مەزھەپلىرى بولغان غوللۇق ئورتادوكس، پروتەستان ۋە كاتولىك مەزھەپلىرى ئىچىدىن ئورتادوكس مەزھىبىدىكى ماناستىرلاردا راھىپلار ئۆتەپ كېلىۋاتقان نامازنى مىسالغائېلىشقابولىدۇ:رۇسلار،قىپتىيلار،گىرىتسىيىلىكلەر،ناستورىلە، سۈرىيانىلەر، كەلدانىيلەر، سىرپلار، بۇلغارلار، ئەرمەنىيلەرنىڭ تەقۋادار ئىخلاسمەنلىرى ماناستىرلاردا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ كەلمەكتە. ھەتتا ئورتادوكسلار نەزىرىيەجەھەتتىن ئاياللارنىڭ بەئەينى ماناستىردىكى راھىبەلەردەكلا ئورنىنىشنى پەرز دەپ بىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بولمىسىمۇ .خاخاملارنىڭ، راھىپلارنىڭ ۋە دىنى ئەرباپلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقى، ئۆز چۈشەنجىسىنى تەڭرىنىڭ كالامى دەپ تەقدىم قىلغانلىقى قامچىلانغان. مەسلەن قۇرئان كەرىمدىكى ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 78 ـ ئايىتىدە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن :«ئەھلى كىتاب ( يەھۇدى ۋە خرىستىيان) لاردىن بىرتۈركۈمى سىلەرنىڭ كىتاپتا بولمىغان نەرسىلەرنى كىتاپتا بار ئىكەن دەپ قېلىشىڭلار ئۈچۈن تىللىرىنى ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دەيدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئەمەس ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر كىتاپلارنى تەستىقلىغۇچى،ئېتراپ قىلغۇچى ئىكەنلىكى

قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىپ ۋەھيىنىڭ مەنبەسى بىردەك ئاللاھ ئىكەنلىكى ،پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا كەلـمىش ـ كەچمىش ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ  ئورتاق چاقىرىقى كىشىلەرنى يىگانە ئاللاھقىلا قۇل بولۇشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ سەف سۈرىسى 6 ـ ئايەتتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن :ئەيني چاغدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا : «ئي ئىسرائىل  ئوغۇللىرى! مەن ئاللاھ سىلەرگە ئەۋەتكەن مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى ئېتىراپ قىلىدىغان ، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خوش ـ خەۋەر بېرىدىغان پەيغەمبەر مەن» دېگەن ئىدى. ئىيسا ئۇلارغا يارقىن دەلىل  ـ پاكىتلارنى ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇلار : « بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر»دېيىشتى .

قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرىسى 79 ـ ئايەتتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:«كىتاپنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ، ئاندىن ئۇنى (دۇنيالىق پايدا ـ مەنپەئەتتىن ئىبارەت ) ئازغىنا پۇلغا سېتىش ئۈچۈن، بۇ ئاللاھنىڭ (سۆزى) دۇر دېگۈچىلەرنىڭ ۋاي ھالىغا! ئۆز قولى بىلەن يېزىۋالغان نەرسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! بۇئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ۋاي ھالىغا !.»

تەۋراتنىڭ ئەسلى تېكىستىدا بولـمىغان بۇھارام،شۇ ھارام دېگەندەك تالاي ھۆكۈملەرنىڭ خاخاملار يازغان تەپسىر ماھىيىتىدىكى تالـمۇت ۋە پىقھ ماھىيىتىدىكى مىشنا قاتارلىق كىتاپلاردا ئۇچرىتىمىز. ھازىر خىرىستىيان دۇنياسىدا مەيلى كونا

ئەھدە بولـمىسۇن مەيلى يېڭى ئەھدە بولـمىسۇن ھېچبىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا نازىل بولغان پېتىچە ئەسلى نۇسخىسى يوق، پەقەتلا تەبىر ماھىيىتىدىكى تەرجىمىلىرى بار .

ئەڭ دەسلەپتە قەلەمگە ئېلىنغان ئىنجىل، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قەلەمگە ئېلىنغان تۇرسا بۇنىڭغا ئىنسان سۆزى ئارىلاشمىدى دەپ ئېيتالامدۇق؟ زامانىمىزدا چىركاۋلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ماتتا، ماركوس، لۇكا ۋە يۇھەننا ئىنجىلىدىن باشقا يەنە ئىناۋەتكە ئىگە ئەمەس دەپ قارالغان ھەزرىتى ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزكۇر رىۋايەتلەرنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قەتئىي دۈشمەن پوزىتسىيەدە بولۇپ ۋاپاتىدىن چارەك ئەسىر ئۆتكەندە ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ قەلەمگە ئالغان مەكتۇپلىرىنى ئاللاھنىڭ ۋەھيى دېيىشكە بولامدۇ؟ شۇڭا تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى مەزمۇنلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىكى مۇسۇلـمانچە يىگانە ميزان ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيى قۇرئاندۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراج كېچىسى مېتافىزىكىلىق يولچىلىق جەريانىدا مەككىدىن ياكى مەدىنىدىن ئەمەس ئېرۇسالىمدىن ئاسمانغا چىقىرىلىشىنى مۇنداق چۈشىنىمىز : يېرۇسالىم قەدىمدىن بۇيان ئاساسەن ھەممە پەيغەمبەرلەر ئىستىقامەت قىلغان ياكى ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتكۈزگەن بىر كەنت بولۇپ سۇلەيمان پەيغەمبەرنىڭ ئىبادەتخانىسى - مەسجىدى جەمەسى

شۇ يەردە ئىدى . سۇلەيمان مەسچىتىدە ناماز ئوقۇپ ئاسمانغا چىقىرىلىش ئارقىلىق مىېتافىزىكىلىق ئالەمدە پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇلۇشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۆتمۈشتىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئوخشاش ۋەزىپىدىكى بىر ئەلچى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. خىرىستىيان مەنبەلىرىدە سۇلەيمان پادىشاھ دەپ تەسۋىرلەنگەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم كۆزنىكىدىن قارىساق دۇنيالىق سەلتەنەت بەخش ئېتىلگەن بىر پادىشاھ شۇنداقلا ئاللاھنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمىغان تەقۋادار بىر پەيغەمبەر بەندە. مەسچىت ئەرەپچىدىن تىلىمىزغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆز بولۇپ سەجدىگاھ، سەجدە قىلىدىغان جاي دېگەن بولىدۇ. دېمەك كۈنىمىزدىكى ئېگىز مۇنارلىق جەمەلەر بولمىسىمۇ ئۆتمۈشتىكى بارچە پەيغەمبەرلەر ناماز ئوقۇغان، ياراتقۇچى ئاللاھقا ئېگىلىپ سەجدىگە باش قويىغان ئورۇنلارنى مەسچىت دېيىشكە بولىدۇ .

سۈرە مائىدە 47 ـ ئايەتتىكى«ئەھلى ئىنجىللار (يەنى خىرىستيانلار) ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللاھ نازىل قىلغان بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.» غا كەلسەك : قۇرئان كەرىمدىكى 23 يىلدا نازىل بولغان ئايەتلەرنى مەزمۇن پۈتۈنلۈكى ۋە قانداق شارائىتتا چۈشكەن ، نېمىگە قاراتىلىقى بار دېگەنلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ھەتتا ئايەتلەرنى قاراتمىلىقى ۋە باغلىنىشلىقى بار مەزمۇندىن يۇلۇپ ئېلىۋەتسەك بولمايدۇ: بۇ ئايەت سەممىي بولمىغان غەرەزلىك كىشلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ پەتىۋا سورىغاندا سىلەر ئۆز كىتاۋىڭلارغا ئەمەل

قىلمىغان يەردە قۇرئاننىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش كۆرەمسىلەرمۇ؟ سىلەر ئاراڭلاردىكى مەسىلىنى ئاۋال قولۇڭلاردىكى كىتاپقا ئاساسەن ھەل قىلىڭلار دېگەن ماھىيەتتە نازىل بولغان. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى رەجىم جازاسىغا دۇچ كەلگەن ئەھلى كىتاپنىڭ يەڭگىلرەك ھۆكۈم ئىزدەپ مەككارلىق قىلىۋاتقانلىقى قامچىلىنىپ ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلارنىڭ دەل يولدىن چىققان پاسىق ئادەملەر ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

باشقا سوئاللىرىڭىز بولسا ھەممىنى تەپسىلرەك يېزىپ ئەۋەتسىڭىز قۇرئان مەيدانىدا تۇرۇپ جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

ھۆرمەت بىلەن ھېيتاخۇن مەتمىن

# مەن كۆرگەن غەرپ

## ئاچىل

مۇسۇلمانلىقتىن خىرىستىيانلىققا ئۆتىدىغانلار، ياكى غەرب ـ پەرەسلەر شۇنداق بىر نەرسىلەرنى بەكرەك باھانە قىلىدۇ، بىرى: غەربنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى، بايلىقى ئۇلارنىڭ خىرىستىيان بولغانلىقىدىن .

يەنە بىرى: ئەگەر بىز خىرىستىيان بولساق، ھالىتىمىز بۇنداق بولمايتتى،بۇنچىلىك ئارقىدا قالمىغان بولاتتۇق، دىشۋارچىلىق تارتىپ يۈرمەيتتۇق.

ئالدىنقى پىكىرگە مۇنداق رەددىيە بېرىمىز: تەرەققىياتنىڭ ھازىرقى غەربكە مەركەزلىشىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خىرىستىيان بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەكرەك ئۇچۇر ئالمىشىشنىڭ 500 يىللار ئالدىدا قۇرۇقلۇق يولىدىن دېڭىز يولىغا ئۆتكەنلىكىدىن بولغان، تەرەققىيات ھەققىدە ئارقىسىدا ئايرىم يازدىم. مۇنداق بىر تەجرىبىدىن توپلانغان ئومۇمى فورمۇلا بار: دۇنيادىكى ھازىرقى بار بولغان، ۋە بۇرۇن بولغان چوڭ مەدەنىيەت رايونلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇ رايوندىكى ئاشلىق ئۇرۇقى (بۇغداي ياكى گۈرۈچ دېگەندەك)نىڭ سۈپىتى بەكلا ياخشى بولغان، بۇ شۇ زاماندا تۇپراقنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇشى بىلەن باغلىنىدۇ ئەلۋەتتە. لېكىن مۇنبەت تۇپراق مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. بۇمۇ نىمشقا بەزى چوڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىردىنلا ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى. قىسقىسى مەلۇم زامان ۋە ماكاندا نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى ھەم مەركەزلىششى بىز دەۋاتقان تەرەققىياتنى

بارلىققا كەلتۈرگەن( Guns, Germs, and Steel: The Fates of Human Societies پروفېسسور جارېد دايئامېند) . مانا ھازىرمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى نوپۇس قېرىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ياۋرۇپا، ئاسىيادىكى ياپونىيەلىكلەرنىڭ تەرەققىياتى چېكىنىۋاتقانلىقىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئەكسىچە نوپۇس قۇرۇلمىسى ياشلارنى ئاساس قىلغان جۇڭگو، ھىندىستان، تۈركىيە دېگەندەك دۆلەتلەردە تەرەققىيات ئەڭ تېز بولىۋاتىدۇ. دېمەكچى، تەرەققىياتنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئېنىق، ھەم بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ خارابلىشىش دەۋرىيلىكىنى 50 ياكى 100 يىل دەپ ھېسابلاپ كەتمەيمىز ئادەتتە، دۇنيا تارىخى بىزگە كۆپ مىساللارنى بېرىدۇ . شۇڭا تەرەققىياتنىڭ دىن بىلەن مۇناسىۋىتى ئۇنچىۋالا يېقىن بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر دىنى ئىتقادلا تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان بولسا، دۇنيادىكى ھازىرغا قەدەر بولغان دىنلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولغان بولىدۇ. يەنە بىرىگە غەربى دۇنياسىنىڭ تېخنىكا ساھاسىدە ھەقىقەتەن ئالدىغا چىققىنىغا ئاران 200 يىل بولدى، لېكىن بۇ 200 يىلدا غەربتە خرىستىيان دىنىنىڭ رولى ئەڭ ئاجىزلاشقان بىر چاغ. بولۇپمۇ ھازىر خرىستىيان دىنىنىڭ ئۇلى بولغان ياۋرۇپادا چىركاۋغا كىرگەن ئادەملەر ئىنتايىن ئاز ساندا. ھەم نۇرغۇن كىشىلەر ئېنىقتىن ئېنىقلا دىنغا ئېتقاد قىلمايدىغانلىقىنى دەيدۇ. شۇڭا ئەگەر راست خرىستىيانىنى ئىسلامدىن ئۇلۇغلايدىغان ئىشلار بولسا، تەرەققىياتنى مىسال ئېلىپ كۆرسىتىپ يۈرمەسلىكىلارنى ئۈمىد

قىلمەن.

ئىككىنچى پىكىرگە مۇنداق ئاددىيلا رەددىيە بىرەيلى: دۇنيا تارىخىدىن، ھەم ھازىرقى ۋەزىيەتتىن ئېنىق بىر نەرسىلەرنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمىزكى، بىر قىسىم قارا نىيەت كىشىلەر ھامان دىنىدىن پايدىلىنىپ كىتىدۇ. ئەسلى نۇرغۇن دىنلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىدۇ، ئىنسانغا ئىنسانىدەك مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن شۇ سىياسىيونغا ئوخشاش كىشىلەر شۇنداق بۇرمىلايدۇكى دىنىنى ئۆز قىلمىشلىرىنى ئاقلاپ كۆرسىتىدىغان قىلىۋېتىدۇ. دېمەك يۇرتىمىزغا ئوخشاش بىر جۇغراپىيەلىك ئورۇندا ياشىغۇچى خەلق مەيلى خىرىستىيان بولسۇن ياكى بۇددىست بولسۇن ۋە ياكى مۇسۇلمان بولسۇن، ئالدىنقى ئەسىردىكى قان ياشلىق تارىخىدا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمايتتى دەپ چۈشىنىمەن. چۈنكى ئىككى كۈچلۈك ئارىسىغا سىقىلىپ قالغان رايوننىڭ پىشكا بولۇشتەك تەقدىرى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلىق شۇنداق يامان ئىش بولسا، نېمشقا كوسوۋۇ دا 40 تەك مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆمۈۋېتىلىشى شۇنداق چوڭ غەۋغا قوزغاپ، ئاخىرىدا شۇنداق بىر دۆلەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى؟ بۇ يەردە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرى بىلەن روسىيەنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى بولغاچقىلا شۇنداق بولدى. يەنى، ئەگەر سىز ھەقىقەتەن خەقنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئەجەللىك ئورۇندا بولسىڭىز خەق سىزنىڭ دىنىڭىزغا ياكى مىللىتىڭىزگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ. پەقەت توقۇنۇشى تېپىز بولغان، ھىسسىياتچان ئادەملەرلا شۇنداق ئويلىۋالىدۇ. دېمەكچى، ئىسلام دىنى تارىخىمىزدا بىزگە

زىيان سالغىنى يوق. ئاق ـ تاغلىق قارا تاغلىقنى مىسالغا ئالسىڭىزمۇ ئۇنداق يەكۈن چىقمايدۇ. تارىخنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق بەلگىلىگەن ئىشلار، مانجۇلارنىڭ شۇنداق كۆچەيگەن زامانىغا، شەرقتە روسلارنىڭ تازا كۆچەيۋاتقان دەۋرگە توغرا كىلىپ قالدۇق، ھامان بىر سەۋەبلەر بىلەن بىرىنىڭ قولىغا چۈشەر ئىدۇق. ئەكسىنچە ئىسلام دىنىنىڭ پەرھىزلىرىنىڭ قاتتىق بولۇشى، چەكلىملىرىنىڭ ۋە شەرتلىرىنىڭ باشقا دىنلارغا قارىغاندا كۆپ بولۇشى (يات دىندىكى ياكى دىنسىز بىلەن نىكاھلانغاندا ئېتقادىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن قارشى تەرەپنىمۇ ئىسلامغا كىرگۈزۈشىڭىزنى شەرت قىلىدۇ، يېمەكلىكتە قاتتىق شەرتلەر بار، ھاراق ـ شارابلارنىڭ چەكلىنىشى ۋە باشقىلار) بۇ ئېتقادنى ئەتراپتىكىلەر مۇسۇلمان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاسسىملياتسىيەگە ئىنتايىن كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بەرگەن. دەل مۇشۇ سەۋەبكە ئاساسەن پەقەت ئىسلام دىنى بىزنى ھازىرمۇ ئۆز تىلىمىزنى يوقاتماي ئۇيغۇر بولۇپ ياشاشقا سەۋەب بولۇپ قالدى بىلسەڭ. قاراپ بېقىڭ، روسىيەدە، تاتارىستانىنىڭ پايتەختى قازان روسىيە فىدراتسىيەسىنىڭ ئىچىدىلا قالغان بىر جۇمھۇرىيەت، ئۇۋان تۆتتىن (1552) تا ھازىرغىچە قانچىلىغان قاتتىق قوللۇق باستۇرۇشلارغا، ئاسسىملياتسىيە سىياسەتلىرىگە ئۇچراپ كەلدى؟ مانا ھازىرمۇ قازاندىكى مىترولاردا روس ۋە تاتارچە يېزىقلار بار، روس تاجاۋۇز ـ چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مەسچىتتە قۇربان بولغان شىھىتى قولشەرىفنىڭ نامىدا

ئاتالغان يېڭى مەسجىد روسىيەدىكى ئەڭ چوڭ (ياۋرۇپا بويىچە ئىستانبۇلنى ھىسابقا ئالمىغاندا ئەڭ چوڭ مەسجىد) جامە بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ھازىرمۇ ئىسلام دىنى تاتارلارنى خۇددى ئوتنىڭ ئىچىدە پاختا ساقلىغاندەك ساقلاپ قالدى. ئىسلام دىنىمىزمۇ بىزنى شۇنداق ساقلىدى ھەم ئاللاھ خالىسا ساقلايدۇ، بىزگە ھەم بۇنىڭدىن باشقا ئىسىل بىر دىن يوق، ئەگەر مىللىيلىكىمىزنى قوغدايمىز دېسەك. بۇ تار مىللەتچىلىك ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى تەرەققىياتىنى ساقلاپ قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەتنىڭ كۆپ-خىللىقىنى ساقلاپ قېلىش يولىغا چۈشىدۇ.

ئەگەر ئۇلار خىرىستىيان بولۇپ ئۆزى بىلەن كەتسىلا مەيلى ئىدى مەنچە بولغاندا، كىمنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئاللاھ ئايرىيتى ئەڭ ئاخىرىدا شۇنداققۇ؟ ئەلۋەتتە، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، بولۇپمۇ يۇرت سىرتىدا شۇنداق قىلسا بىزگە تۈزۈك تەسىرىمۇ بولمايدۇ بىر ئىككى ئۇيغۇر خىرىستىيان ياكى باشقا بولسا. لېكىن ھازىر يۇرتىمىزدىكى شۇ يۇقارقىدەك ئاقماس سەۋەبلەر بىلەنلا خىرىستىيان بولىۋېلىپ ئۆزى بىلەنلا قالماي ھە دەپ باشقىلارغا تەشۋىق قىلىشى كىشىنى ھەقىقەتەن خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى بار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شۇنداق كۈچلۈك بىر ئاسسىمىلياتسىيە خىرىسىدا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر كۈندە.. بىزگە باشقا دىن كېرەك ئەمەس، بىزگە ئوخشاش سىقىلىپ قالغان، يا نوپۇس ئۈستۈنلۈكى، يا بىر كۈچلۈك يېقىنقى زامان تەرەققىيات ئاساسى

بولمىغان مىللەتنى خەقلەرنىڭ ئاني تېپىشىغا قاتتىق تۆھپە قوشقان بولىسىز. خوراز سوقۇشتۇرغاندەك سوقۇشتۇرۇپ ئوينايدۇ، خۇددى لىۋاندىكى مۇسۇلمان ئەرەب بىلەن خىرىستىيان ئەرەبلەردەك، سۇداندىكى دارفۇردەك، رىۋاندادەك، ھىندىستاندەك... پەنجاپلىقلاردەك، بىنگاللىقلاردەك، بوسنىيىلىكلەردەك... يېتەر!!! ۋاقتى كەلگەندە بىر ئۇيغۇر كۈلسە يەنە بىر ئۇيغۇر يىغلايدۇ، ئەجەبا ئۇلار شۇنداق بىر كۈننى كۆرۈشنى ئىستەمدۇ؟ دىنىنىڭ سىياسى ئۈچۈن ھامان ئويۇنچۇق بولىدىغىنىدەك ئاددى قائىدىنىمۇ بىلمەسمۇ؟

مىسسىئونېرلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ، ئالدىنقى ئەسىرلەردە يۇرتىمىزغا دىن تارقاتقىلى كەلگەنلەرنى بولۇشىچە ئاقلاپ ئولتۇرىدىكەن! 1984.يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا، ۋە ئالدى كەينى بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئىنسانپەرۋەرلىك، تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جەنۇبى ئافرىلىقلىق كېپىتاۋن ئاركىبىشوپى دەسموند تۇتۇنىڭ دۇنياغا داڭلىق بىر سۆزى بار: «مىسسىيونىرلار ئافرىقىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ قولىدا ئىنجىل، بىزنىڭ قولىمىزدا زېمىنىمىز بار ئىدى. ئۇلار "بىرلىكتە ئىبادەت قىلايلى "دېدى ، بىز كۆزىمىزنى يۇمدۇق، كۆزىمىزنى ئاچساق، بىزنىڭ قولىمىزدا ئىنجىل، ئۇلارنىڭ قولىدا زېمىنىمىز»!!!بۇنداق مىساللارنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تونۇلاپ تاپالايسىز. ھەتتا، ھازىرقى كۈندىمۇ بولىۋىيەدەك جەنۇبى ئامېرىكىدىكى دۆلەتلەردىكى چىركاۋلارنىڭ ئاساسى قىسمىغا يەرلىك

مىللەتلەر (ئىندىئانلار) كىرگۈزۈلمەيدىكەن، بەلكى چىركاۋغا يانداش بالكونىدا ۋەز ئاڭلايدىكەن. مەن بۇ ئەھۋالنى فىلىپ دىئاز ئىشلىگەن "نامراتلىقنىڭ ئاخىرى(تىگى)the end of poverty" ناملىق ھۆججەتلىك فىلمدا كۆرمىگەن بولسام ئىشەنمەيتتىم، شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى ئۇلارنىڭ شۇ ھالىنى كۆرۈپ. بۇ فىلمدە كىشىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپ. چىگىۋارا بىكارغا چىقمىدى، ئۇ دەل شۇنداق تەڭسىزلىكلەرنى كۆرۈپ چىدىماي قوزغالغان بىر ياش. ئىسلامدا ئىرق ئايرىمايدۇ، لېكىن بىز خىرىستىيان دۇنياسىدا ئىرقى ئايرىمىچىلىقنى ھەممە جايدا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز!

ئەگەر بۇلار راستىنلا شۇنداق ئىخلاسمەن بولۇپ، ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن دىن تارقاتقۇسى كېلىپ كەتسە، ئۆز دىنى بىلەن تىنىك تۇرۇپ كىلىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى تەپرىقچىلىققا باشلىغۇچە، دىنسىز ئىنسانىيلىقتىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلارنى تاللىسا بولمامدۇ؟ بۇلار ئوبيېكتنى راستىنلا خاتا تاللاپ قاپتۇ. ئۇيغۇردىن 9 مىليون بار دەيلى، ئەگەر سىز شۇنچىلىك ناتىق بولۇپ، ھەم بىر ياقتىن پاپا جەمئىيتى بەرگەن پۇللاردىن پايدىلانسىڭىزمۇ ئېتىقاتىدىن يەنە مىڭ يىل ياشىسىمۇ مىت قىلمايدىغان ماڭا ئوخشاش جاھىللاردىن قەدەمدە بىر چىقىدۇدە، بۇ كۆرىشىڭىز بەكلا ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ، ھەم نۇرغۇن كۆڭۈل ئاغرىقىغا، ھەم قان تۆكۈلۈشلەرگە، خەقلەرنىڭ بىزنى مايمۇن، ئىت قىلىپ يۇرۇشگە سەۋەبچى بولىسىز. سىز نېمىشقا شۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ تارىخى بۆشۈكى بولغان ياۋرۇپاغا كىلىپ مۇشۇ يەردىكى دىنىدىن

تىنىپ كىتىۋاتقان پەرەڭلەرگە نىجاتلىق يولى تېپىپ بەرمەيسىز؟ خىرىستىيانلار كۆپىيىۋاتىدۇ دەپسىز، بىلىپ قېلىڭكى خىرىستىيانلار شۇ ئافرىقىدا، ئادەملەر ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈۋاتقان يەرلەردە، پاپا بەرگەن پۇللار بىلەن كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇنى ياخشى بىلىمىز. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ۋاتىكان خانىۋەيران بولسا قانداق چىدايسىز؟ ئەگەر يىراققا بارالمايمەن دېسىڭىز، سىز دىن تارقىتىشقا شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق بىر قەۋم ئىشىكىڭىزنى چېكىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھازىر روھىدا بارغانچە ھەقىيقى بوشلۇق ياساپ، سىزدەك كىشلەرنىڭ خىرىستىيان دىنى بولسىمۇ ئەيتاۋۇر شۇنىڭدەك بىرنەرسىلەرنى قۇيۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىنى تىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزگە ئوخشاش جاھىللىق قىلمايدۇ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەممىسى راستىنلا سىزگە ئوخشاش يۈرىكىدىن خىرىستىيان بولۇپ كەتسە، بىزمۇ ئۇلار بىلەن كىم بىلىدۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكىرەك ئىناق ـ ئىجىل ياشاپ قالامدۇق. (BBCنىڭ خەۋىرىدە، جېجىياڭدا 25 ياشلىق بىر جۈپ كېچىدە ئويناپ قايتىش يولىدا بىر قېرى موماينى سوقۇپ، گەپ قىلماي تېرىك كۆمۈۋەتكەننىڭ گېپى بار قاراڭ شۇلار نەق سىزدەك كىشلەرنىڭ يول كۆرسىتىشىگە ئېھتىياجلىق ئىدى، قانچىلىك ساۋاب تاپار ئىدىڭىز). بولسا مېنىڭمۇ گۈزەل دىنىمنى شۇلارغا بىر ئۆگىتىپ، ئىنسانغا، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىپ قويغىم بار ئىدى، ئەپسۇس، قورساق مەدەنىيتى ياراتقان قەۋمگە ئۇنى بۇنى يىمەيسەن دېسە بەكلا ئېغىر كېلىدىكەن، شۇڭا سىزنىڭ دىنىڭىز بەك ئاسان بولاتتىدە بۇلارغا،

## 1 مىليارد نوپۇس سىزنى قىزىقتۇرمامدۇ؟

ئاخىرىدا ئۆزەمنىڭ ئازىراق دىنى قارىشىمنى قوشۇپ قوياي: خىرىستىيانلاردىن نېمىشقا شۇ دىننى تاللىغىنىنى سورىسىڭىز ئىككىلەنمەيلا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:"مەن خىرىستىيان دىنىدىكى خۇدانى ئىنساندەك چۈشەندىم، يەنى ئۇ بىز ئىنسانغا ئوخشاش، ئىسلام دىنىدا بولسا بەكلا ئابستىراكىت". بۇ ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭدىكى مەكتۈپمگە دىن تارقىتىش مەقسىتىدە كەلگەن ئوقۇتقۇچى تونىغا ئورىنىۋالغان بىرىنىڭ جاۋابى. دېمىسىمۇ خىرىستىيان دىنىدا خۇدانى ئىنسانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. شەخسەن ئىنساننى ئىلاھلاشتۇرىدىغان، ياكى ئىلاھنى ئىنسانلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق دىننى قوبۇل قىلمايمەن ھەم توغرا دەپ چۈشەنمەيمەن. ئىنسان مىنىڭ نەزىرىمدە شۇنچىلىك ئاجىز. قانداقمۇ ئىلاھى خۇسۇسىيەتلەر بولسۇن؟! ئىنساننى ئىلاھلاشتۇرۇش تىپىك دىكتاتورلارنىڭ كېنىشكىسى، گىتلىر، چاۋشىيەندىكى كىم ئائىلىسى، ئاپپاق خوجا ۋە باشقىلار...

تەكرار! بىزگە يەنە بىر دىن كېرەك ئەمەس، تاللىغان يولىمىز ئىنسانىيلىق يولى. دىننى كەلسە-كەلمەس ئىشلارغا باھانە قىلمايلى. ئاللاھ بىزنى ئىنساندەك مېھرى-مۇھەببەت بىلەن ياشىسۇن دەيدۇ دەپ چۈشىنىمەن. خىرىستىيان يولى توغرىمۇ ياكى مۇسۇلمانلارمۇ دىگەن مۇنازىرە تۈنۈگۈن بۈگۈن بولىۋاتقىنى يوق، مىڭ يىللاردىن ئاشتى بۇ تالاشقا، ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلغىنى يوق، بىر مىليارد خىرىستىيان بولسا بىر مىليارد مۇسۇلمان

بار. بۇ ئۇيغۇر خرىستىيانلار ئىككى ئېغىز گەپ ئوينىتىپ بىزنى قايىل قىلىمەن دېمىسۇن، پەقەتلا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىككىلا تەرەپكە. ھەم ئېنىقلا ئوخشاش گەپلەر تەكرارلىنىۋېرىدۇ، چۈنكى ھېچكىمنىڭ تولۇق جاۋاب بەرگۈدەك ئاساسى يوق. بىلمەيدىغانلىرىمىز بەكلا كۆپ.. مىنىڭ تۇتقان يېگى يولۇم توغرا دەپ بىر پۈتۈن مىللەتنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان كىشىلەرنى بىزدىن يىراق قىلسۇن. بۇ بىز ئۈچۈن تالىشىدىغان تېما ئەمەس. تالىشىشىمىزنىڭ ئورنى يوق. ئەگەر بەك تالاشقىڭلار كېلىپ كەتسە، ئۆز-ئارا چۈشىنىشىدىغان ئادەملەر ئايرىم سورۇن تۈزۈپ تالىشارسىلەر. ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلى تەۋرىنىپ تۇرۋاتقان كىشىلەرنىڭ بېشىنى قايماق قىلىپ بۆلگۈنچىلىك سىلىپ يۈر-مىگەيسىلەر، بۇنداق تەپرىقچىلىكلەرنى قوبۇل قىلالىغۇدەك ھۆجەيرە كام مەندە.

تەرەققىيات ھەققىدە (قارىغۇلارچە غەربپەرەسلەرگە: ھازىرقى دۇنيادىكى تەرەققىيات ھەققەتەن ئىلغار مەندىكى تەرەققىياتمۇ ياكى سەلبى تۈسنى ئېلىپ كىلىۋاتامدۇ؟)

تەرەققىياتنى زادى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى نۇرغۇن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەم ئاساسى ئامىلمۇ بولۇشى مۇمكىن؟ نېمىگە ئاساسەن بىر جەمئىيەتنى تەرەققي قىلدى دەيمىز؟ بۇنىڭغا ئۆلچەملىك جاۋاب

تېپىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ھەر كىم ئۆز ئۇخشىمىغان تەبىر بېرىشلىرى ئىنىق. شەخسەن بۇنى مۇنداق چۈشىنىمەن: تەرەققىيات ئىنساننىڭ پەقەت ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يۈكسىلىپ بېرىشى بىلەن ئىپادە تېپىشى كېرەك، بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى ئەلۋەتتە ئىنسانچە تەپەككۇر. تەپەككۇر قانچە چوڭقۇرلاشقانسىرى، مەسىلە ھەل قىلىش قولايلىشىدۇ، بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى تىزلىشىدۇ. ئىنسان تەبىئەتسىز ياشىيالمايدۇ، تەبىئەتمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، پەقەت تەپەككۇرمۇ تەرەققىي قىلىپ ماڭغاندا ئۆزگىرۋاتقان تەبىئەتكە ماسلىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ (يەنى بايلىقلاردىن قانداق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئاساسى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش، بۇ ئىسراپچىلىق قىلىش دېگەنلىك ئەمەس).

سانائەت ئىنقىلاۋى ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ تىزلەشتۈردى. زاۋۇت ئىگىلىرى پايدا تېپىش ئۈچۈن مەھسۇلات دېگەننى بازارغا تۆكۈۋەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن زىيادە ئېشىندى مەھسۇلات مەسلىسى ئوتتۇرغا چىقىپ 1929 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە كاپىتالىزىم دۇنيا ـ سىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىقتىسادى بۆھران يۈز بەردى. پۈتۈنلەي ئەركىن بازار، ئىنساننىڭ تويماس نەپسى بۇ بۆھراننىڭ ئاساسى سەۋەبچىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت بازار ئىگىلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە ئارىلىشىدىغان يېڭىچە شەكىل چىقتى. سوتسيالىستىك دۆلەتلەر بولسا پۈتۈنلەي دۆلەت باشقۇرۇش يولىغا ئۆتتۈۋېلىپ خېلىلا بۇرۇنغا يېدى. دېمەك بۇ يەردە بىر ياخشى نىسبەت بولۇشى مۇمكىن، يەنى بازار زادى قانچىلىك

دەرىجىدە ئەركىن بولۇشى كېرەك؟ ئېنىقكى غەرب بۇنىڭغا ھازىرغىچە جاۋاب تاپقىنى يوق، 2008 ـ يىلىدىكى دۇنيا خاراكتېرلىق بۆھران بۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بەزى ئالدىن كۆرەرلەر بۇقېتىملىق كىرىزىسنى خېلى بۇرۇنلا ئالدىن كۆرگەن بولسىمۇ، نەپسانىيەتچىلىككە تولغان دۇنيا ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالمىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ كارى بولمىغىنىنىڭ سەۋەبى بار، چۈنكى ئاخىرىدا زىيان تارتقىنى يەنىلا ئاددى خەلق بولدى.

بىر شىركەتنى مىسالغا ئالساق، ھازىرقى زاماندا قانداق قىلسا زىيادە ئېشىنچە مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارماستىن داۋاملىق پايدا ئالالايدۇ؟ ئەسلى مەھسۇلات ھەقىقىي ئېھتىياجىنى قامدىسىلا بولار ئىدى، لېكىن ھەممە پايدا ئالسام دەيدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقۇسى كەلمەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، داۋاملىق مەھسۇلاتنى يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك! مەھسۇلاتنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇش تەس ئەمەس (بۇمۇ خېلى چىقىم تەلەپ قىلىدۇ ئۆز نۆۋىتىدە)، لېكىن قانداق قىلغاندا كىشىلەرنى كونا مەھسۇلاتتىن قول ئۈزدۈرۈپ يېڭى مەھسۇلاتقا قىزىقتۇرۇش ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ھازىرقى دۇنيادا بۇنى ئاساسەن تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ رولى بىلەن قىلىۋاتىدۇ، ھەرخىل شەكىلدىكى ئېلانلار، ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن پىلانلانغان، ھوللىيۋۇدنىڭ كىنولىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. كىشىلەر قانچە مودىغا ئامراق بولسا، قانچە "يېڭىلىققا مايىل" بولسا شۇنچە

ياخشى، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ يەردىكى يېڭىلىق پەقەت تاشقى يېڭىلىققىلا مەركەزلەشكەن.

ئەسلى ناھايىتى جىق گەپلەر بار ئىدى، قىسقارتتىم: تەرەققىيات كاللىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن، لېكىن بەدەننىڭ ئېچىلىشىنىمۇ تەڭ ئورۇنغا قويىۋالىدىغان ئىددىيە بىلەن پەقەت چىقىشالمايمەن. سەنئەت نەزىرى بىلەن قارىشى كېرەك دەيدۇ، زادى قانچىلىك ئەر زاتى شۇنداق نەزەردە تۇرۇپ قارىيالايدۇ. دىققەتنىڭ مەركىزى ئېچىلىپ قالغان يەرلەردە بولسا، كاللىدا يەنە جىنسىيەتتىن باشقا پىكىر بولارمۇ؟

ھازىرقى تەرەققىيات ھىچقاچان شۇنداق بەدەن ئېچىلىشلار تۈرتكىسىدە بولدى دەپ قارىمايمەن. ئەكسىچە بەدەن ئېچىلغانسىرى مەندە كىشىلەر دۆتلىشىۋاتقاندەك تەسىر بار. بەلكىم بۇ گەپنى دېيىشىم بالدۇرلۇق قىلار، لېكىن مەنلا ئەمەس ئەتراپىمدىكى ھەممە كىشى شۇنداق قاخشايدۇ، ھازىرقى باللار (ئۇنىۋېر-ستېتتىكىلەرنى دېمەكچى) نىمانداق دۆت دەپ. ناھايىتى كۆپ قىسىم باللاردا دىققەتنى يىغالماسلىق ئېغىر. ھازىرقى ئالىملارنى بۇرۇنقى ئالىملارغا تەڭ قىلمايمەن، پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئوقۇسىڭىز بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ قايىل بولىسىز، باشقا سەۋەبلىرىمۇ باردۇر بەلكى، ئەمما گاللىلي زامانىسىدا ھەتتا ئۆلچەيدىغان ھازىرقىدەك سائەت يوق شۇ زامانلاردا، تومۇر سوقۇشىنى ۋاقىت قىلىپ شۇنداق بىر فورمىلالارنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۇ زاماندا كىشىلەر تېخى يالىڭاچلانمىغان، گاللىيىنىڭ تەپەككۇرى بوغۇلۇپ قالمىغان

ئەلۋەتتە، كالىلدا بەك قېتىپ كەتكەن بەزى رامكىلارنى چېقىپ تۇرۇش كېرەك، لېكىن بۇ بەدەننىمۇ ئىچىڭلار دىگەنلىك ئەمەسقۇ، بەدەن ئاچىمىسا تەرەققىيات بوغۇلۇپ قالارمۇ، بۇ يەردىكى تەرەققىيات ماتېرىيالىزىم، ئىستىمالىزىممۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، بەدەن ئېچىش توغرا بولىدۇ، چۈنكى غەربتە “**sex—sells**” دىگەن گەپ ھەممىگە تونۇش سۆز، بۇ ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ جىنسىيەتتىن بەكرەك غىدىقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن (قېرى-ياش، ئەقىللىق- دۆت، بولۇپمۇ دۆت كاللىلار ھەممىدىن بەك) جىنسىيەت ئارقىلىق كاللىنى غىدىقلاپ مېڭىنى سېتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك (بۇ نۇقتىدىن يۇقارقى ئىشمۇ ئوخشاش، كۆرۈرمەنلەر سەنئەت نۇقتىسىدىن قارامدۇ ياكى باشقا؟). توغرا، قانداق كىيىم كىيىش كىشىنىڭ ئەركىنلىكى. لېكىن ھازىر ئەركىنلىك دۇنياۋى خاراكتېردە كىيىمگە مەركەزلىشىپ قالغاندەك. كۆلكىلىك ئىش دە . فىزىكىدا، ئەگەر بىرەر تەجرىبىنى ناھايتى مۇرەككەپ ئۈسكۈنىدە ئىشلىسەك، بۇ ئۈسكۈنىنىڭ تەڭشەيدىغان يەرلىرى بەك كۆپ بولسا بۇنى بىز ئەركىنلىك دەرىجىسى بەك كۆپ (خام تەرجىمە، ئىنگىلىز تىلىدا **Degree of Freedom** دەيمىز) سېستىما دەيمىز، ھەم بۇنداق ئۈسكۈنىدە ئىش قىلماق بەك تەس بولىدۇ، (تېخى يېقىندىلا شۇۋىتسارىيەدە ئىشلىگەن بىر تەجرىبىدە مەسئۇل دوكتۇر ئوقۇغۇچىسى ئالاھىدە مىكروسكوپنى **8** سائەت، دوكتۇر ئاشتى ئۇستىسى ئىككى سائەت تەڭشىدى، پەقەت تەڭشەشلا بۇ تېخى). شۇڭا ئامال بار بەزى قىسىملىرىنى چەكلەشكە تىرىشىمىز، يەنى ئەركىنلىك دەرىجىسىنى چۈشۈرۈشكە

تىرىشىمىز. يەنە بىر شىركەت ئوخشاش ئۆسكۈنىنىڭ ئەڭ يېڭىسىدا 20 كۇنۇپكىنى 4 كە چۈشۈرۈپتۇ، قىينالمايلا ئىش قىلىسىز. بۇ كومپيۇتېردا تەقلىد قىلىشتا تېخىمۇ ئىشلەيدۇ، ئەگەر ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار بەك كۆپ بولۇپ كەتسە فىزىكىلىق مەنىسىنى چۈشەندۈرەلمەي بەك قىيىنىلىپ قالىسىز، ھەم رېئاللىقتىن بەك چەتنەپ كېتىسىز، باشقىلارمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى ماتېماتېكىغىلا قويۇپ بەرسىڭىز ھەممىنى تەقلىد قىلىپ بېرىدۇ، لېكىن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. جەمئىيەتمۇ شۇ، ئەگەر ھەممە ئادەم ھازىرقى شارائىتتا يالىڭاچ كوچىغا چىقىپ كەتسە، ھەممە ئادەم ئويلىغىنىنى قىلسا، بىر جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ تەسەۋۋۇر قىلىڭ! ئەركىنلىكىنىلا سۈيئىستىمال قىلىپ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماسلىق مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىرقى كۆپتۈرمە ئىستىمالىزىممۇ ئوخشاش. دەرۋەقە ئۆز قېرىنداشلىرىغا ھەقىقى مەسئۇل بولالمايدىغان، ئۆز ئىنسانلىقىغا مەسئۇل بولالمايدىغان كىشىلەر توپى دەل مۇشۇنداق بەدەن ئېچىش ھەركەتلىرىگە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ئاكتىپ ئاۋاز بېرىدۇ.

ئىستىمالىزىم ئاخىرى ئىنسانىيەتنى ھالاكەت گىردابىغا باشلايدۇ. كىشىلەر مودا، جىنسىيەت، ئۇسلۇب دېگەنلەرگە شۇ قەدەر خۇمار بولۇپ كېتىدۇكى، خوشاللىقى شۇنداق نەرسىلەرگىلا مەركەزلىشىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ پۇل خەجلەش دېگەنلىك، لازىم بولمىسىمۇ خەقتىن قالماسلىق ئۈچۈن بىر نەرسىلەرنى ئالىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى شۇنداق نەرسىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئېنېرگىيە ۋە ماددى خام ماتېرىياللار سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئىسرا-

پچىلىقنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقى دۆلەت جۇغراپىيەسى ژۇرنىلىنىڭ ھەر سانىدا يېتەرلىك بار. مانا شۇ ھەر بىر ئىستىمالىمىزدا ئەخلەتكە ئايلىنىۋاتقان سۇلياۋ، كىيىم-كېچەكلەر نېفىتتىن كېلىدۇ، ھالبۇكى دەل شۇ نېفىتنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆسىۋاتىدۇ، چۈنكى بايلىقلار ھېچقاچان تۈگىمەس ئەمەس. كۆپىنچە نېمىسلار بىر تېلېفون ئالسا بۇزۇلۇپ كاردىن چىققۇچە ئىشلىتىدۇ، رەڭسىز ئېكرانلىق تېلېفۇنلارنى ھازىرمۇ ئۇچرىتىسىز. ئەسلى مۇشۇ يول توغرا ئىدى، تەرەققىي قىلىش ھەم ئىقتىساد قىلىش، چۈنكى سىز پۇل خەجلىسىڭىزلا تۈگەيدىغان ئىش يوق، سىز ئورۇنسىز خەجلىگەن پۇلنىڭ سورىقى سىزگە ھازىرچە چۈشمىگىنى بىلەن، سىزنىڭ نەۋرىڭىز، ئەۋرىلىرىڭىزگە چۈشىدۇ. شۇ نەرسىلەرنى ئىشلەشكە قانچىلىك مۇھت بولغاندى، قانچىلىك بايلىق تۈگىدى؟ قانچىلىك ئېنېرگىيە سەرىپ بولدى؟

ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ شەكلى 100 يىل بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، 200 يىل بۇرۇنقىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھازىرقى ئىسراپچىلىق تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىن ئۈستۈن. دەل مۇشۇنداق نەپسانىيەتچىلىك، ئىسراپچىلىق، ئوچۇق بەدەن، يېپىق مېڭىلەرنىڭ كۆپلەپ كىتىشى يەرشارىنى ئىنسان ياشىغۇسىز بىر ماكانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەپسۇس، شۇنداق پاكىتلىق ماقالىلەر بېسىلغان ژۇرناللار دىققەتنىڭ سىرتىدا، شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر پاكىتنى بىلمەي ئىككى ئېغىز گەپ قىلسىڭىز سىزنى كاللىسى يېپىق

مۇتەئەسسىپ دەيدۇ. كۆلكىلىك بىر قاراشتا، ھەقىقەتەن ئاچچىق كۆلكىلىك.

ئەگەر دۇنيا دەپ شۇئار تووۋلاپ ياشساق قىرىنداشلارنى ئۇنتۇپ قالساقمۇ بولىدۇ، ۋەتەن،مىللەت دەپ قاخشىمىساقمۇ بولىدۇ. شەخسىيەتچىلىكنىڭ پىرامىداسىغا چىقىۋېلىپ پۇل پۇل دەپ تووۋلىساق بولىدۇ توغرىمۇ؟ بەلكىم ھەممە كىشىلىرىمىز شۇنداق بولغان بىر كۈنلەردە بىزمۇ شۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى كىشىلەردەك ياشايمىز بەلكى. مەن بۇ يەردە شۇ تەرەققىيات سۆزىگە باشقىچە بىر مەنا بېرىمەن، بولۇپمۇ ھازىرقى ئەھۋالدا. مەيلى قايسىلا تەرەپتىن قارايلى، تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بايلىقلاردىن يەتكۈچە پايدىلىنىش، تەبىئەتنى تويغىچە ئۆزگەرتىش، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى تالان ـ تاراج قىلىشى... قاتارلىق نۇرغۇن رەزىل تەرەپلەر بار، نۇرغۇن تەڭسىزلىكلەر بار. پارىژنى ئايلانغىنىمدا بەك ھاياجانلىنىپ كەتمىدىم، ھەر بىر ئالاھىدە تارىخى قۇرۇلۇشنى كۆرگىنىمدە كۆزۈمگە پۈتۈن دۇنيادا شۇ بايلىقلارنى توپلاش جەريانىدا تۆكۈلگەن بىگۇناھ قانلار كېلىۋالدى.

ئەڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەتلەر: نىل دەرياسى، دىجلە ـ فىرات دەرياسى، سىند ـ گانگ دەريالىرى... بۇ خىل مۇنبەت تۇپراق ئىنسانىي ياخشى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن، ئاشلىقنىڭ سۈپىتى نوپۇسنى كۆپەيتكەن، مەركەزلەشكەن نوپۇس تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەن (تەرەققىياتنىڭ بىر ئاساسى بىلىم جۇغلانمىسى). كېيىن قۇرۇقلۇق يوللىرى ئېچىلدى. غەرب ـ شەرق ئۇچۇر ئالمىشىش

يۇرتىمىزنى مەركەز قىلدى، يۇرتىمىز بىر مەھەل ئىلىم ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا نېمىسلار تېخى ئورمانلاردا ياشايتتى، تۈزۈك يېزىقىمۇ يوق ئىدى. كېيىن دېڭىز يوللىرى ئېچىلدى، ئۇچۇر ئالمىشىش، دۇنياۋى بازارلار دېڭىز بويىغا يۆتكەلدى. ھازىر ئەڭ تەرەققىي قىلغان يەرلەر دېڭىز بويى بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى بىز ئىنتېرنېت دەۋرىدە، بۇ دەۋر تېخى ئەمدى باشلاندى، ئىنتېرنېت كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات مەركەز-لىرىنى نەگە يۆتكەيدۇ؟ بۇنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. گېرمانىيە گەرچە ناھايىتى تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلىتى بولسىمۇ، نوپۇسىنىڭ ئازىيىشى ھەم قېرىشى بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسىنى خىرە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمگەك كۈچىگە باي دۆلەتلەردە ئىقتىسادى ئېشىش ھەممىدىن تېز بولىۋاتىدۇ، گەرچە بەزىلىرىنىڭ كۆپۈك ئىقتىساد بولسىمۇ... شۇڭا دەيمىز، تەرەققىيات دېگەن نەرسىلەر مەلۇم يەرلەرگىلا خاس ئەمەس، ھەممىگە ئايلىنىپ كېلىدۇ. ھەم نۇرغۇن شەرت-شارائىتلارغا قارايدىغان گەپ. بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز بىزنىڭ قانداقتۇر ھورۇنلۇقىمىزدىن ئەمەس. شىمالى كورىيە بىلەن جەنۇبى كورىيەگە قاراپ بېقىڭ، نېمە سەۋەبتىن كىچىككىنە بىر يېرىم ئارالدا شۇنداق پەرىق بولۇپ قالدى؟كىشىلەر ھەۋەس قىلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە رىياسەتچى بولىۋاتقىنىغا قانچىلىك زامان بولدى؟ توغىرسىنى ئېيتساق تېخى 100 يىلمۇ بولمىدى. ئەگەر دۇنيا تارىخىنى باشتىن ۋاراقلىساق تارىخىتىكى تالاي گۈللىنىش زاۋاللىققا يۈزلىنىش دەۋرىيلىكىنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ

ئۆزۈنلۈقنى بىلمىز.

بەزىدە شۇنداق گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالىمەن: بىزگە 100 پروفېسسوردىن كارخانا ئاچقان بىر ئادەم كېرەك دېگەندەك... قانچىلىك كۈلكىلىك گەپ بۇ دەيمەن . ئەجىبا ھەممە ئادەم چوقۇم پۇل تېپىپ باي بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر ھەممە ئادەم باي بولۇپ كەتسە، ۋە ياكى ھەممە ئادەم ”موللام بولۇپ كەتسە، ئايروپىلاننى كىم ھەيدەيدۇ“؟ كىم كوچىلارنى تازىلايدۇ؟ كىم چېچىمىزنى ياساپ قويىدۇ؟ كىم نان ياقىدۇ؟ بىر جەمئىيەتتە ھەر خىل ئادەملەر بولىدۇ، بىر-بىرىگە بېقىنغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ خوشاللىققا ئېرىشىش يولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەخىت تۇيغۇسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بەلكىم بەزىلەر شانېلنىڭ ئەترىنى سېپىپ ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە بەختلىك ھىس قىلار، بەلكىم بەزىلەر كىشىلەرنىڭ ئالقىشلىرىدا نومۇر ئورۇنلاپ خوش بولار. مەن بولسام كىرىمىم مېنى يالىڭاچ قويمىسا، ئاچ قالمىسام، ھەر ئايدا ئازراق پۇلۇم ئېشىنسا شۇنىڭغا ياخشى كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ تۇرغۇدەك ۋاقتىم بولسا ئۆزەمنى بەختلىك چاغلاپ يۈرىۋېرىمەن. ئەڭ مۇھىمى قىلغان ئىشىمدىن خوشاللىق تېپىش. كۆپ ئادەملەر دەيدۇ شىركەتلەردە ئىشلىمەمسىز دەپ، پۇلنى جىق بېرىدۇ توغرا، لېكىن ماڭا ماس كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، مەن مۇئەللىملىكتىن ھوزۇر ئالىمەن، مۇئەللىم بولغۇم بار... پۇل تاپقىنى پۇل تاپسۇن، ئەقىل تاپقىنى ئەقىل تاپسۇن، چۈشكۈنلىشىپ ھەم شۇ سەۋەبلىك باشقىلارنى يىغلىتىپ يۈرمىسىلا بولدى

زىيادە ماتېرىيالىزىملىق، زىيادە شەخس مەركەزلىك تەرەپكە كىتىۋاتقان دۇنياغا قاراپ خۇرسىنىپ قويىمەن، كىشىلەر ئايفون لازىم بولمىسىمۇ ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىشىپ ئېلىۋاتىدۇ، جىنسىيەت، جىنسى ئەركىنلىك دېگەنلەر شۇنچىلىك بىر ماركا بولۇپ كەتتىكى كىشىنىڭ غىدىقى كېلىدۇ نەدىكىلا ئېلاننى كۆرسە. غەربتىكى سەزگۈر يازغۇچىلار بۇنى خېلى بالدۇرلا ھېس قىلىشقان، شۇڭا “fight club” دېگەندەك ئەسەرلەرنى يېزىشقان، كىنولىرىمۇ ئىشلەندى. شۇ كىنونى قانچىلىك ئادەم چۈشەندى بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. تەتقىقاتىم نانوتېخنولوگىيەسى، شۇڭا كىشىلەرنى بەكلا قىزىقتۇرۇۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكا ئارقا كۆرۈنۈشىنى ھەم بۇندىن كېيىنكى يۈزلىنىشىنى بەلكىم سىزدىنمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرۇپتىمەن، لېكىن بۇ خىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ كىشىلەرنى قانچىلىك روھى پۇچەكلىككە باشلايدىغانلىقىنى، ئىنسانىيلىقتىن يىراقلاشتۇردىغىنىنى ئويلىسام بىر خىل بولۇپ قالىمەن. ئەگەر بىر تەرەققىيات كىشىلەرنى ئىنسانلىقتىن يىراقلاشتۇرسا، شەخسەن ئۇنى ھەقىقى تەرەققىيات دەپ قارىمايمەن. ئىنسان زادى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتامدۇ ياكى گۈللىنىۋاتامدۇ ئېنىق ئەمەس، ھەم ھېچكىم ئېنىق جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. كۆپ نەرسىلەر يەنىلا نىسپىي بولىدىكەن، ھەر كىم ئوخشىمىغان نوقتىدا تۇرۇپ ئويلايدۇ.

ھېچقانداق ئىلىم-پەن پەقەت غەربتە بارلىققا كەلگەن ئەمەس. قايسىلا پەننى مىسال ئالايلى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ

تۆھپىسى بار، بولۇپمۇ فىزىكىدەك پەنلەر. ئۇ ئىنسانىنىڭ بىلىم جۇغلانمىسى، غەربلىكنىڭ ئەمەس. ئۆز زامانىسىدىكى ئالگېبرا، خىمىيە پەنلىرىگە زور تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرى بولغان. ئۇلۇغبەكنىڭ رەسەتخانىسىدا ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ياۋروپالىقلار ئىشلەتكەن. كېپلىر ئۈچ قانۇننى ئۇخلاپ قوپۇپلا يېزىۋەتمىگەن. قۇتادغۇبىلىكتىكى يۇلتۇزلار ھەققىدىكى بايانلار مۇنداقلا يېزىلىپ قالغان ئەمەس. ئەرەب رەقىمى ياۋروپادا يېزىلمىغان. دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان ئەمەس.تەرەققىياتنى بۇنداق ئايرىپ ـ ئايرىپ قويمايمىز، ئىنسانىيەتنىڭ پەن تەرەققىياتى ئۈزلۈك فۇنكسىيە ئەمەس، بەلكى مونوتونلۇق فۇنكسىيە. نيوتونغۇ يەرنىڭ تارتىش كۈچى تەلىماتىنى ئوتتۇرغا قويدى، لېكىن نېمىشقا نىسپىيلىك  نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرغا قويالمىدى؟ چۈنكى بىلىشنىڭ تەرەققىياتى ئۇ باسقۇچقا كەلمىگەن ئىدى. بۇ بىر پەلەمپەيسىمان تەرەققىيات، ئالدىنقى ئەسىردە بىلىشنىڭ تەرەققىياتى بەك ئىتتىك بولدى، سەۋەب ئۇچۇر ئالمىشىش بەك تېزلەشتى، بىرى ـ بىرىگە سەۋەب. ئىبنى ـ سىنانىڭ ۋە باشقا ئەرەبلەرنىڭ مېدىتسىنا ھەققىدە يازغانلىرى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بۆلىكى بولمىش ئىسپانىيەگە يەتتى، ئاندىن 17 ـ ئەسىرلەرگىچە ياۋروپادا بىلىم يۇرتلىرىدا دەرس قىلىنىپ ئۆتۈلگەن. كېيىنچە مەزمۇن بارا ـ بارا تىز يېڭىلىنىپ ھازىرقى بىز بىلىدىغان پەن مەيدانىغا كەلدى. تەبىئەتكە يېقىنچىلىقتا كەلگەندە بىز راستىنلا كۆپ ئالدىدا. بۇنى بىزنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىمىز ۋە بۇرۇنقى ئېتىقاتلىرىمىز بەلگىلەپ قويغان. كېلىمات ئۆزگىرىشىگە يۇرتىمىزدەك سەزگۈر يەرلەر ئاز

ئۇچرايدۇ. شۇڭا كىشلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە تەبىئەت بىلەن قانداق ھارمۇنىيەلىك ياشاشنى بىلىۋالغان. بۇ ھەقتە بۇرۇن بىر نەرسە يازغان ئىدىم. ئەگەر سىلەر دېگەن شۇ چەتئەللىكلەرنى يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ شۇ يەردە ياشىتىدىغان بولساق، پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىپادىنى كۆرىسىلەر دېسەم ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇ خىل شارائىتتا ئەدەپلىك غەربلىكلەرنىڭ قەيەرلەرگە كەتكىنىنى بىلمەيلا قالىسىز. شۇڭا سىلىشتۇرىدىغان ئىشلار بولسا ئوخشاش جۇغراپىيەلىك ۋە ئىقتىسادىي شارائىت بىلەن سىلىشتۇرارسىلەر. شۇ سىلەر دەۋاتقان غەربلىكلەر بىر زامانلاردا تاس قالغان شىمالىي ئامېرىكىدا بۆرىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋەتكىلى. يەنە شۇ تەبىئەت سۆيەر غەربلىكلەر بىر زامانلاردا قانچىلىك پىل چىشىنى ئېلىپ ساتتى؟ بۇلار تەبىئەتنى بىر بۇزۇۋېتىپ ئاندىن خاتا قىلىپتۇق دەپ قايتىدىن تۈزىتىۋاتىدۇ. كىسلاتالىق يامغۇرلار بىرىنچى بولۇپ ياۋروپادا بولغان. كىسلاتالىق يامغۇرنى مەن بۇ يەردە غەربلىكلەر تەبىئەتكە يېقىن دېگەنگە قارشى قويغان. ھازىر بۇلار ئادەتتىكى كىشىلەر تەبىئەتكە كۆڭۈل بۆلگىنى بىلەن، كىشىلەردىكى بۇ كۆڭۈل بۆلۈشمۇ شۇنداق تارىخى ساۋاقلاردىن كېيىن بولغان. چوڭ تىپتىكى شىركەتلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى يەنە باشقا. بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت جۇغراپىيەسى ژۇرنىلىنى كۆرۈپ تۇرسىڭىزلا بىلىسىز ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى.

**http://achinuq.blogbus.com/logs/63619519.html**

يەنە بىرىگە، غەرپلىكنىڭ ھەممىسى بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەمەس، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كونسېرۋاتىپلار خېلىلا كۆپ. ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلارغىمۇ دىگەنتىم بۇ گەپلەرنى: ئامېرىكىدا نوپۇسى 2 ـ 3 يۈزمىڭ سانىلىدىغان ئامىش دەپ بىر گۇرۇپپا خەقلەر بار، تېگى ياۋرۇپالىق ئاق تەنلىكلەر. بۇلار ھازىرمۇ ئىنتايىن كونسېرۋاتىپ ياشايدۇ، ئەر ھەم ئايال پەقەت بىر خىل رەڭدە، بىر خىل پاسوندىلا كىيىم كىيىشىدۇ، ھەرقانداق يېڭى تېخنىكىلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ، ماشىنا ئورنىغا ئات ـ ئېشەك ھارۋىسى ئىشلىتىدۇ، لامپۇچكا ئورنىغا ماي چىراغ. بۇلاردىن باشقا يەنە نوپۇسى 6 مىليون ئەتراپىدا مورمونلار بار، بۇلارمۇ ئامىشلارغا ئوخشاش خىرىستىيانلار، لېكىن ئامىشلاردەك ئۇنچىۋالا كونسىرۋاتىپ بولمىسىمۇ ئائىلە قارىشى قاتارلىقلارغا كەلگەندە خېلىلا كونسېر ـ ۋاتىپ. نوپۇسى ئاز بولغان يەنە خېلى رادىكال خىرىستىيانلارمۇ بار، مىسالەن رادىكال مورمونلارنىڭ ئىچىدىكى يۇتاھ شتاتىدا ياشايدىغان بىر گۇرۇپپىدا كۆپ ئاياللىق ئادەت ھازىرغىچە داۋاملاشقان بولۇپ بۇ خىل ئائىلىدىكىلەر 40 مىڭ ئەتراپىدا سانىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆپ بولغاندا 15 ئايالى بولغان، بىر كىشىنىڭ 128 نەۋرىسى بولغان (دۆلەت جۇغراپىيەسى ژۇرنىلى ئىككى يىل ئاۋۋالقى سانى). ئەپسۇس، بىز پەقەت كىنولاردىنلا كۆرىمىز غەربنى، شۇ كىنولاردا بۇ تەرەپلەرنى كۆرمەيسىز.